شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

2011
2

# BULAK



# بۇلاق

ISSN 1005-0876

04>

源泉 (布拉克) · BULAK



مەدداھ

رەسسام: ئەسقەر تۇردى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

33 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 137 - سان



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## نژوئے غزہ للسردن

جُونُون تاشی اُورُوپ ھریان یاڅی داغیمنئے فکارئہ ت

اُچھیمدن لالہ دہ ڵ اُشتق اُبچہ تاشیمنئے ہوداری ت

چومہ جُنُون فلدیک شائی ہ مدی ئہ ی مُوغہ نئے گوشہ تابکچی

کوګوال سئے ڈ داستی ہ سکنی اُوچوان بونیو مغاتو مارئہ ت

دبشہ کوګلوم توُشی ئیلیہ پ ھشوا چہ گلہی ہ ژوائی اُشتق

خہ دہ گاشغنک شہ پرن ئیلیہ ب قانات ہ پیکانی منقارئہ ت

ساچیلٹ کو فرندہ اولسم تہ برم اورزہ قویا خرقہ منئے

چیکپ ھر تاغی بر ہ رھہ مہ ن بلگہ زونشارئہ ت

نزہت یاغان

# بۇلاق

2011 ـ يىللىق 2 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى     مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


دىۋانى ھەيرەتىي ........................................ ھەيرەتىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن تۇرسۇن

تەجەللىينىڭ قوشتاغدىن تېپىلغان بىر شېئىرى ........................ تەجەللىي (48)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر


### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


دىلكۈشا ھېكايەتلەر ........................................ (51)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق


### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئوخشىمىغان قىممەت ئەندىزىلىرى نۇقتىسىدىن چىقىپ «سەباتۇل ـ ئاجىزىن»غا نەزەر ........................ پەرھات تۇرسۇن (69)

تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى دىۋان ئەدەبىياتى ........................ ئابدۇغنى مۇھەممەت (92)

## تېبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تېبابەتچىلىككە ئائىت سۆز ـ ئاتالغۇلار ۋە قەدىمكى تېبابەتچىلىكىمىز ھەققىدە .........
........................ تۇرغۇن ئىبراھىم (100)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

پادىچىنىڭ قىزى (چۆچەك) ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (109)

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «غېرىب ـ سەنەم» داستانىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم (رەسسام: ئەسقەر تۇردى)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

خەتتاتلار: قايىنام جاپپار، مەمەت نەۋبەت

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991

ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo . cn

تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

# دىۋانى ھەيرەتىي

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن تۇرسۇن

مۇھەررىردىن: ھەيرەتىي ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن لىرىك شائىرلاردىن بىرى. ھازىرغا قەدەر بۇ شائىرنىڭ پەقەت بىرنەچچە پارچىلا شېئىرى تېپىلىپ ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەنىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كىچىكرەك بىر دىۋانىنىڭ قول يازمىسى تېپىلدى. بۇ قول يازمىنىڭ فورماتى 20×15 سانتىمېتىر، خەت يېزىلغان ئورۇننىڭ ئۆلچىمى 15×9.5 سانتىمېتىر. قول يازمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىدە: «تارىخقا بىر مىڭ بىر يۈز توقسان بەش لەھەڭ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 18 - كۈنى پەيشەنبە تامام بولغان» دېگەن مەلۇماتلار بار. بۇنىڭدىن بۇ قول يازمىنىڭ مىلادىيە 1781 - يىللىرى ئەتراپىدا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. قول يازمىنى كۆچۈرگەن كاتىپ ۋە بۇ قول يازمىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ئورنى ھەققىدىمۇ قول يازمىدا ئەسكەرتىلگەن. لېكىن، قول يازمىنىڭ بۇ بېتى بەك ئۇپراپ، تىتىلىپ كەتكەن بولغاچقا تولۇق ئوقۇش مۇمكىن بولمىدى. تىتىلغان ئورۇندىكى خەتلەرنى تەخمىنىي مۆلچەر بىلەن قوراشتۇرۇپ ئوقۇپ كۆرگىنىمىزدە: «قاشى مەۋزىئىدىكى خالىد ئىبنى قۇربان ئىبنى موللا سالىينىڭ خېتى بۇ تۇرۇر» دېگەن مۆلچەرىي ئوقۇمغا ئىگە بولدۇق. بۇنىڭدىن كاتىپنىڭ ئىسمى ۋە يۇرتىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەخمىن قىلدۇق. قاشى كەنتى خوتەن ناھىيەسىنىڭ باغچى بازىرىغا قاراشلىق بىر كەنت. ئەمما، بۇ قول يازما خوتەن شەھىرىدىن بايقالغان. بۇ قول يازما ئاساسەن تولۇق ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ئۇپرىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىملاسىدا خاتالىقلار كۆپ، خېتىنى ئوقۇش مۇشكۈل. شۇنداقتىمۇ بۇ قول يازما ھەيرەتىينىڭ ھازىرغىچە بايقالغان بىردىنبىر دىۋانى بولغاچقا، بۇ نۇسخىنى ھازىرچە ئېلان قىلىپ تۇردۇق. ئوقۇش مۇمكىن بولمىغان ئورۇنلارغا ۋە كەم ئورۇنلارغا نۇرغۇن چېكىت قويۇلدى.

ھەيرەتىي شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىدا ئەركىن مۇھەببەتنى، ئىنسان گۈزەللىكىنى ۋە گۈزەل كىشىلىك تۇرمۇشنى مەدھىيەلەش، خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتكۈزۈش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە خېلىلا پىشقان ماھارەت بىلەن ئىجاد قىلىنغان بولغاچقا، ئوقۇغان كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ھەيرەتىي شېئىرلىرى چوقۇم ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدىن بىرىدۇر. ئەمما، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈركى، شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئۆز زامانىنىڭ بەزى پاسسىپ ئىدىيەۋى خاھىشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ دىنىي تەسەۋۋۇپ ئىدىيەلىرىنىڭ تەسىرى مۇئەييەن دەرىجىدە ساقلانغان. شۇڭا، ھەيرەتىي شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، شاكىلىنى ئىلغىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پىرىنسىپى بويىچە، ئۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر. مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلغىنىمىزدىلا، ئۇنىڭ ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەرەپلىرىگە توغرا باھا بېرەلەيمىز ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنالايمىز.

بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم

ئەھرەقەت ماكانە فىل ـ ئۇششاق مىن نارەل ـ ھەۋا،
يار ئىشقى يادى بىرلە ئۆزگەدىن قىلدى سىۋا.

چۇن مۇھەببەت لەمئەسى ئاشىق ۋۇجۇدىن ئۆرتەدى،
تاپتى ئۇلدەم لەززەتى نۇرۇل ـ بەقا بەئدەل ـ فەنا.

مەنلىكۇ سەنلىك ئارادىن كەتمەگۇنچە يەتمەگەي،
جامى ۋەھدەتدىن شەرابى نۇرى بەخشى جان فەزا.

گەر تەسەۋۋۇر ئەيلەسەڭ ئالەمنى دەريا مەۋجەسى،
بارمۇدۇر دەريادىن ئۆزگە مەۋجگە ئابى بەقا.

فىتنەئى غەتەت قۇلاغىڭدىن چىقار ھەللاجدەك،
كىم كېلۇر دارۇل ـ بەقايى ئىشقدىن ھەردەم نىدا.

بىر ھەقىقەتدۇر تەمامى ئالەم ئىچرە جىلۋەگەر،
ئەرشۇ فەرشۇ نۇرى نامى ئادەمۇ ئەرزۇ سەما.

ھەيرەتمي فۇرقەت ئەزابى شىددەتىدىن ئايتادۇر،
يائىلاھەل ـ ئالەمىن يالەيتەنى كۇنتۇ ھەبا.

* *

سۇبھانە زىل شىتتى بىل ئىززى ۋەل بەقا،
سۇبھانە زىل ئەتىييەتە بىللۇتفى ۋەللەفا.

كۇنھىدە سۆز دېمەك خىرەد ئەھلىغە نە ھەددۇ مەجال،
زاتىدا فىكر ئەھلى فەراسەتىغە نارەۋا.

ھەمدىغە كەلدى شاھى رىسالەت زەبانى لال،
نەئتى جەمال ئىچرە فەساھەت بەيانى لا.

ۋەسفى جەمال ئەۋجىدە ئۇچماقغە پەرۇ بال،
فىكرەت قۇشى ئەگەرچە قىلۇر يۈز تۇمەن ھەۋا.

ئۇلدۇر مەيلىكى سەئدىئى بىچارە ئەيلەگەي،
سىيمۇرغ جىلۋەگاھىدا سەير ئەتمەك ئىددىئا.

يوق يوقكى ئافتابى سىفەتىدىن ىېچۇك دېگەي،
خەففاش سايەئى بېرۇر بازرۇ سۇها.

ئادەمغە رۇھ سەيرىدىن ئالەمغە ھەمە فۇتۇھ،
ئەنجۇمغە نۇرىسىدىن خۇرشىدغە زىيا.

تۇفراغىدىن قىلۇر سەير جىننو ھەم مەلەك،
ئوتدىن پەرى تۇتۇنە نى مەلەك مەسھ كىميا.

ھەر مويى تېنىمدا تىلىم بولسا يۈز تىلىم،
يىللار سەناۋۇ ھەمدىڭ ئوقۇپ بولماغاي ئەدا.

ئىزھارى ئەجز ئېتەركى، ھەيرەتىي، سىفاتىڭدا،
كەيفەل ۋۇسۇل باشلادى ھەيرەت مەقامىدا.

* *

كەيفەل ۋۇسۇل دارى ھەبىب دۇ نەھا،
لەيسە ئەقبەلەركى يوق ئاڭا ئاغازۇ ئىنتىھا.

كەيفەل ۋۇسۇل شاھ ئۇلۇغ بارگاھى ئۇلۇغ،
يول بارغۇچى زەئىفى كەمىن بەندەئى گەدا.

كەيفەل ۋەسىف كېچە يولدىن نىشانە يوق،
ۋادى ئۇزۇن، ئۇلاغىم ئۇرۇق يەنە شىكەستەھا.

كەيفەل ۋۇسۇلدۇر يەنە ھىدايەت قۇياشىدىن،
كۆرگۈزمەسەڭ بۇ زۇلمەت ئارا لەمئەئى زىيا.

كەيفەل ۋۇسۇل بولمىشەم تەۋفىقى رەھبەرىم،
قالغۇمدۇر ئاخىر چاھى زەلالەتدە مۇبتەلا.

كەيفەل ۋۇسۇل زاتى مۇقەددەس ھەياتى پاك،
بەندەئى بەسى مۇفلىسۇ ئالۇدەئى رىيا.

كەيفەل ۋۇسۇل بەرمەسە يول ئاچماسا شەھىڭ،
ھەيرانۇ زارۇ ۋادىئى ھەيرەتدە مۇبتەلا.

كەيفەل ۋۇسۇل ئاجىز بىچارە ھەيرەتتى،
سەندىن تىلەر تەھتەس ـ سەرا مەن ئىبتىدا.

* *

ئەي دەفتەرى نەئتىڭدە فەلەك نۇقتەسى خۇزرا،
دىۋانچەئى ھەمدىڭغە ۋەلا ئۇھساسى تۇغرا.

لۇتفۇڭدىن ئولۇپ ئىككى جەھان گۇلشەنى خۇررەم،
سۇنئۇڭدىن ئېرۇر خاكى زەئىف ئادەمۇ ھەۋۋا.

ھەر ۋەسفى كەمالاتكى زاتىڭ بىلە مەۋسۇف،
ھەر بەئزدىن ئەسمائى سىفاتىڭدە مۇبەررا.

ھەر نېچە قەۋى بولسا تەۋانالىغى سەندىن،
ھەر چەند ئەزىز ئۇلساكى سەندىن ئاڭا ئەئلا.

*

بەھرى چەمەنىڭ كەرەمىڭ مەۋجىدىن ئەفلاك ھەيات،
بارانى ئەتا قەترەسى كەلمىش يەتى دەريا.

قەھرىڭدە نەدۇر پىلى دەمان پەششەئىدىن زەئىف،
خەيرىڭدە چىنى نۇقتەسىدىن ئەرشى مۇئەللا.

ھەر قۇدرەتى فىئلىكى ئېرۇر غەيرىغە مەنسۇب،
ئول نەۋئى خەتى نىسبەتى خامەغە مۇھەررا.

رەھمەت ئىشىكى بولمادى ئىسيان بىلە ياقۇئ،
ھىكمەت ئېلىنى ھەر نېچۇك ئەتمەككە تەۋانا.

بىينالىغىڭ ئول نەۋئ نەكىم كۆزگە مۇقەييەد،
گۇيالىغىڭ ئول تەۋرىكىم تىلغە مۇھەننا.

پەرۋىز ئېسە پەرھاد گەر ۋامىقۇ مەجنۇن،
مىرئاتى جەمالىڭدىن ئولۇپ ۋالەۋۇ شەيدا.

ئاشىق سەنۇ مەئشۇق لىباسى ئارا زاھىر،
ئارىف سەنۇ مەئرۇف سىفاتى بىلە پەيدا.

مەھبۇب مۇھەببەت ئەسەرى لۇتفۇڭا ناتىق،
مەتلۇب كېلىبىپ زەۋقى جەمالىڭدىن ھۇۋەيدا.

ھەيرانۇ بەسى ھەيرەتتىن خەستەدۇر مىسكىن،
ئۇششاق ئارا، يا رەبكى، نەسىب ئەيلە تەۋەللا.

* * *

ئەي بۇراقىڭ بەرقىدىن رەۋشەن چىراغى ئىستىفا،
ئاي يۈزۈڭ قىلدى مۇنەۋۋەر ئافتابى ۋەززۇھا.

تا سەئادەت بۇرجىدىن تۇغدى رىسالەت كەۋكەبى،
سەن كەبى رەخشەندە ئەختەر كەلمەدى ئالەم ئارا.

ئەنبىيا خەيلى سىپىنىڭ ئالدىنقىدادۇرلار كەنجۇم،
قەترە چۇن دەرياغە تۇشتى ئۆزلۈكىن ئەيلەر ھەبا.

كەلدى سۇبھانەللەزى نىسبى دەلىلى قاتىئى،
لەيلەتۇل ـ مىئراجى ۋەسفى مۇئجىزاتىڭ ۋەسفىدا.

چۇن مەقامى دەۋرىغە ئۇل كېچەكىم ئاغدۇردىلار،
مەقدەمىڭدىن نە فەلەك بىر ـ بىر تەفاخۇر قىلدىلا.

قابە قەۋسەينى ئىجادىغە نەدىمى خاس ئۇچۇن،
مەھشەرى سىررىنا ۋەھيى رازدارى كىبرىيا.

كۆردىلەر جەمئى مەلايىك چۇن بۇ ئىززۇ جاھنى،
خاكى راھىڭ سۈرمە ئەيلەپ گەردى راھىڭ تۇتىيا.

سەف تۇتۇپ سەيلانە قىلدىيۇ سەلامىڭ بىئەدەد،
قول ئاچىپ كەلتۈردىلەر يۈزمىڭ دۇئالارنى ئەدا.

ھەيرەتىي ھەمدى خۇدا نەئتى رەسۇلى مۇژتەبا،
قىل سۆزۈڭ تۇغراسىغە .......... تاجى لەۋا.

*

ئەي جامالىڭغە جىنان باغىدا رىزۋان شەيدا،
ئارەزىڭ پەرتەۋىدىن سۇبھى سەئادەت پەيدا.

پەردەئى ناز ئىچرە ئانچە تۇتارمەن پىنھان،
ۋەقىت ئولدۇركى زۇھۇر ئەيلەسە ئەنۋارۇل ـ ھۇدا.

جۇملە مەۋجۇد ۋۇجۇدۇڭ بىلەدۇر مەزھەرى جۇد،
جەۋشەنىڭ لەۋلاكى تۇتتى قەدرىڭە كەلمىش زىبىا.

شەرئىگە قىلغۇچى ئىنكار مەئازەن بىللاھ،
دۇشمەنى دىنگە دەۋزەخ ئارا يۈز ۋاۋەيلا.

ئادەمۇ ھۇرۇ فەلەك تەلەبكارىڭ ئۇچۇن،
كەلدى جىبرائىل ئالى خىزمەتىڭا پەيكى ئەنا.

يەتكۈزۈپ مۇژدەئى ۋەسلىڭنى ھەمە ئالەمغە،
ئاغدۇرۇپ جۇملەئى ئافاقدىن ئەيلەپ ئەئلا.

يېتىپ ئول يەرگەكى يەتمەس ئاڭا ھېچ ئەندىشە،
كۆرۈپ ئەنۋارى ھەقىقەت بىلە ئەسرارى خۇدا.

ھەيرەتي ۋەسفى كەمالاتى مۇھەممەد ھەيھات،
ۋەھ نېچۈك زەررە قۇياش فەزلىنى قىلغاي ئىنشا.

*    *

سەللى ئەلا مۇھەممەد مەزھەرى قۇدرەت خۇدا،
سەللى ئەلا مۇھەممەد رەشھەئى چەشمەئى ھۇدا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد سەييىدى ئەھلى ئىلمى دىن،
سەللى ئەلا مۇھەممەد شاھەنشاھى ھەر ئەۋلىيا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد چەشمى چەراغى ئەۋلىيا،
سەللى ئەلا مۇھەممەد ۋاقىفى سىررەھۇل ـ ئەتا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد كاشىفى نۇن ۋەلقەلەم،
سەللى ئەلا مۇھەممەد سەدرى سۇدۇرى ئەۋلىيا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد فاتىھەئى كۇللى مۇشكىلات،
سەللى ئەلا مۇھەممەد شافىئى مەرزەئى ھىرا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد خەلق ئىچىندە مۇجتەبا،
سەللى-ئەلا مۇھەممەد تەڭرى سىدقىدە مۇستەفا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد خاجەئى كۇللى كائىنات،
سەللى ئەلا مۇھەممەد سەرۋەرى جۇملە ئەتقىيا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد ھەشر كۈنىدە بىزگە ۋىرد،
سەللى ئەلا مۇھەممەد پۇشتى پەناھى مۇلتەجا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد مەئدەنى سىدىقۇل يەقىن،
سەللى ئەلا مۇھەممەد مەنبەئى جۇدۇ سەخا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد ئائىشەۋار جىبرائىل،
سەللى ئەلا مۇھەممەد بەرقى بۇراق ئالدىدا پەيدا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد ئەتتىيۇ ئىھتىرامىم،
سەللى ئەلا مۇھەممەد ھىممەتى بارچەدىن ئەئلا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد شەرئى شەرىئەت دىن پەناھ،
سەللى ئەلا مۇھەممەد ھەق تەرەفىگە ئىبتىدا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد دىيدەئى دىلدۇر زىيا،
سەللى ئەلا مۇھەممەد ئەيلەپ كۆزگە تۇتىيا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد مەرقەدى نۇردىن تىلەر،
سەللى ئەلا مۇھەممەد جادەئى سەبئە سەفا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد شەئشەئەئى جەمالىدىن،
سەللى ئەلا مۇھەممەد دىيدەئى دىلدۇر زىيا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد ھەشر ئەھلى كۈنى تۇفراغىن،
سەللى ئەلا مۇھەممەد ئەيلەسەڭ كۆزگە تۇتىيا.

سەللى ئەلا مۇھەممەد كۆز تۇتادۇر شەفائەتى،
سەللى ئەلا مۇھەممەد ھەيرەتى خەستەئى گەدا.

* *

يا رەب ئەھۋالىم بەيان ئەتمەك نې ھاجەتدۇر ساڭا،
ھەرنەكىم فىكر ئەيلەسەم خاتىر كىفايەتدۇر ساڭا.

رەھمەتىڭ دەرياسىدۇر بىئىبتىدا، زاتىڭ قەدىم،
بىنىھايەتدۇر ساڭا بىھەددۇ غايەتدۇر ساڭا.

ئىككى دۇنيا ئەھلىغە سەندىن كەرەم سەندىن ۋۇجۇد،
بارىيۇ يوقى تەمامىنىڭ ھەۋالەتدۇر ساڭا.

بىرۇ بارا، ھازىرا، پەرۋەردىگارا، قادىرا،
بەندەدىن جۇرمۇ خەتا، لۇتفۇ ئىنايەتدۇر ساڭا.

ھەرنەكىم باردۇر ۋۇجۇدى سەندىن ئۆزگە فانىيدۇر،
نې فەنا زاتىڭغە، نې تەغىيرى ھالەتدۇر ساڭا.

ھەيرەتىي سەندىن تىلەر تەۋفىقۇ تەۋبە، ئەي كەرىم،
ھەم ئىنايەت سەندىن ھەم ئىستىجابەتدۇر ساڭا.

* *

كۆڭۈل ئىچرە دەردىڭ نىھاندۇر ماڭا،
قاراڭغۇ لەھەددىن جەھاندۇر ماڭا.
فىراقىڭدا ھەردەم فىغاندۇر ماڭا.
ئەگەر سەنسىز ئۆچماق نەسىب ئەيلەسە،
غەمۇ ھەسرەتۇ دەردۇ داغىڭ بىلە،
نېچۇك مېھنەتى جاۋىداندۇر ماڭا.
ئەجەب ئۇلفەتى ئىفتىراندۇر ماڭا.
تىرىكمەن بارۇرمەن خىيالىڭ بىلە،
خەيالىڭ بىلە ھەمكى يادىڭ كېلۇر،
بۇ ئەندىشە رۇھى رەۋاندۇر ماڭا.
بۇ ئىككى ئەزىز مېھماندۇر ماڭا.
قىلاي ھەيرەتىي گەر دىسە شادلىق،
ۋىسالىڭ ئۇمىدى ئەگەر بولماسا،
گەدايى سەگى ئاستاندۇر ماڭا.

* *

تا جەھاندىن مۇبتەلا بۇ خەستە جانىمدۇر ساڭا،
زەررەئى سەرگەشتە جىسمى ناتەۋانىمدۇر ساڭا.

كۆز ياشىم لەئلىيۇ سارغارغان يۈزۈمنىڭ ئالتۇنى،
بۇ ئىكى جەۋھەرگە تۇھفە ئارمىغانىمدۇر ساڭا.

نەۋ باھار ئەييامىدا فەيزى خىيالىڭ شەۋقىدە،
ئەبر ياڭلىغ ئەرشىيۇ ئاھۇ فىغانىمدۇر ساڭا.

دەشتى مەجنۇن كۆڭلۈمۇ لەيلىنىڭ ئاندا جىلۋەسى،
ئەرزەئى تەمسىل ئۇچۇن بىر داستانىمدۇر ساڭا.

ئەندەلىبا، غۇنچەئى كۆڭلۈم تىلەيدۇر خىلۋەتى،
گۈل مەقامىدىن ئەجەب رازى نىھانىمدۇر ساڭا.

سىر قۇلاغى بىرلە ئاڭلاپ ماڭا مەھبۇب ئايتادۇر،
ئىشۋەئى نازۇ ئەدا ھەم ئىمتىھانىمدۇر ساڭا.

ھەيرەتىي ئەيلەپ كۆزىن بەزمى ۋىسالىڭغا تىفەيل،
كىم كۆڭۈل مەردۇملارىدىن مىھمانىمدۇر ساڭا.

*    *

كىم بىلۇر جان ئىچرە كىمدىن داغى پىنھاندۇر ماڭا،
نې سەبەبدىن كېچە ـ كۈندۇر ئاھۇ ئەفغاندۇر ماڭا.

شۇئلە ئاھىم كۆڭلۈم ئۆيىنى يارۇتقايدۇر مەتا،
نەيلەيىن، غەم لەشكەرى ھەر كېچە مىھماندۇر ماڭا.

كۆزىيۇ لەئلى بىلە تىرگۈزسە يا ئۆلتۈرسە ھەم،
ئول بىلۇر، مەن بەندەئى خىزمەتدە ئىمكاندۇر ماڭا.

جان نىسار ئەتمەك بەسىي مۇشكىل ئېمىش بىدەردى ئىشق،
شۇكر لىللاھ مۇنچە كۆپ دىشۋار ئاساندۇر ماڭا.

كەتتى سەبرۇ ھۇش ئىلە تەندىنۇ قۇۋۋەت ئەقلۇ دىن،
جانۇ كۆڭلۈم نەقدى ئىماندىن ھەراساندۇر ماڭا.

ئۆزگەلەر ۋۇسلەت مەيىدىن بىر زەمان مەستى ئەلەست،
زەھرى فۇرقەت جامىدىن جانۇ جىگەر قاندۇر ماڭا.

ھەيرەتىي گەر پۇرسەتىي يەتسە ئۆلۈمدىن كاشكى،
كۆرسەمۇ جان بەرسەم ئۆلسەم ئەينى ئىمكاندۇر ماڭا.

*    *

ئەي فەسىھ، ئەلفازىڭا رۇھى رەۋانىمدۇر فىدا،
يۈز فەسىھ ئەنفاسلار ئايتۇركى جانىمدۇر فىدا.

تىغى ئىستىغنا بىلە كەسكۈنچە جانىم رىشتەسىن،
تۇت قىلىچ، باشىمنى كەسۇ يولۇڭغە قانىمدۇر فىدا.

جان فىدا قىلماغىدا باغلاپدۇر كەمەر ئۇششاقلار،
بۇلھەۋەس بىھۇدە ئايتۇركىم جەھانىمدۇر فىدا.

ئەي شەھەنشاھى مەلاھەت، جىلۋەگەر مەيدان ئارا،
ئەيلەسەڭ رەخشىڭنى جىسمى ناتەۋانىمدۇر فىدا.

زاھىرا، بىر كۈن ئاڭا بىر سىررى پىنھان ئاشكار،
بولغۇسىدۇر ئاشكاراۋۇ نىھانىمدۇر فىدا.

ھەيرەتىي دىلخەستەنى بىر نۇكتە بىرلە شاد قىل،
ئەي فەسىھ، ئەلفازىڭا رۇھى رەۋانىمدۇر فىدا.

* *

كىم مۇھەببەت شەۋقىدىن كۆڭلۈمدە ئۇچقۇن بار ئاڭا،
سىدقىغە بەرگەن تانۇغلۇق دىيدەئى خۇنبار ئاڭا.

ئىشق ئەھلىدىن شەرابى مەئرىفەت نۇش ئەيلەگەي،
مەست بىخۇد زاھىر ئولغاي ئاقىلۇ ھۇشيار ئاڭا.

يار ئاڭا بولغىلكى جانىڭ ئالسا جان بەرگەي ساڭا،
جان ئاڭا بەرگىلكى جان بەرمەككە يوقدۇر ئار ئاڭا.

ئولدۇرۇر مەھبۇبكىم، ھەركىم جەمالىن كۆرمەگەي،
ئولدۇرۇر مەئشۇقكىم قول سۇنماغاي ئەغيار ئاڭا.

ئايتايىن بۇلبۇل ئانىكىم قىلماغاي ھەر گۇلغە مەيل،
گۇل ئانى دەرمەنكى دامەن گەر ئەمەسدۇر خار ئاڭا.

زارۇ شەيدا بولغالى مەجنۇن سىفەتلىك ئەرزىمەس،
ئولكى بەسكى لەيلىنىڭ ئىشقىدە ئەرمەس زار ئاڭا.

ھەيرەتىي باشىن كەتۈرمەس يار ئىشىكىدىن مۇدام،
كۇندە يۈزمىڭ قاۋلاغايدۇر زەررە يوقدۇر ئار ئاڭا.

* *

باردى كۆڭۈل ئىلكىدىن دىل تەنگدۇر، نىگارا،
ۋەسلىڭ ئۈمىدى بىرلە ھەرنەچچە قىل مۇدارا.

ئىشقىڭ ئوتىنى پىنھان جانىمدا ساقلار ئېردىم،
ئاھىم شەرارەسىدىن ئاھ ئولدى ئاشكارا.

ھەرچەند ئازمايىش قىلغانچە ھەددىن ئارتۇق،
پۇرسەت شەرابى ھەرگىز بولمايدۇرۇر گوزارا.

ئىچمەككە زەھرى فۇرقەت، تا قىلسە تەركى ئۇلفەت،
كۆڭلۈمدە قايدا قۇۋۋەت، جانىمدا قايدا يارا.

ۋەقتى بەھارى بۇلبۇل، مەستى لەتافەتى گۈل،
چۇغزى خەراب خانە شورىنەلىققا يارا.

ئاشىق تىلەر ئۈزۈڭنى، ئاخىر كۆرەر يۈزۈڭنى،
زاھىد قىلۇر تەمەننا، جەننەتدە ۋەسلى ھۇرا.

ھەسرەت مەقامى ۋەھدەت، ۋەھدەت مەقامى غەيرەت،
غەيرەتدە تەركى ئىززەت، ئەي ھەيرەتىي، سىزارا.

* *

خەستە باغرىمغە قادالغان ناۋەكىدۇر قان ئارا،
ئول ئەلىف ياڭلىغ بىتىلگەن ھاشە بىرلە جان ئارا.

سۇرەتىڭ كۆردۇم، نىگارا، ئەقلى بەرباد ئەيلەدىم،
ھېچ سۇرەت يوق ساڭا ئوخشا نىگارىستان ئارا.

ياد ئېتىپ شىرىن لەبىڭنى يىغلار ئەرمىش زار ـ زار،
ئابى ھەيۋان چەشمەسى ئول گوشەئى ئىنسان ئارا.

لەبلەرىڭ ياقۇتى رەنگىدىن ئۇياتمىش، بولماسە،
نى ئۈچۈن لەئلى بەدەخشان مەھكەم ئولدى كان ئارا.

ئەي ئەجەل، دىدارىنى كۆرگۈنچە بەرگىل مۇھلەتى،
جان بەدەندىن چىقماغاي بۇ ھەسرەتۇ ئارمان ئارا.

سەرۋى نازىم قامەتىنى ياد ئېتەرمەن، ئاھكىم،
ھەر زەمان كۆرسەم خىرامان سەرۋىنى بوستان ئارا.

سايراغىل، ئەي ھەيرەتي، مەئنى گۈلىستانىن كۆرۈپ،
ئەندەلىبى مەست ياڭلىغ باغ ئىلە بوستان ئارا.

**

بىنىيازا، مۇھەيمىنا، ئەھەدا،
سەن، خۇداۋەندا، پادشاھى كەرىم،
كارى سازا، مۇقەددەرا، سەمەدا.
مەن نە تىل بىرلە ھەمدىڭ ئەيلەي ئەدا.

بىنىھايەت ئىنايەتىڭ سۈيىدىن،
يا مەگەر قىلغاسەن ئۆزۈڭ تەلقىن،
يەتتى دەرياغە جۇششى مەدەدا.
لەيسە شەيئى كەمىسلەھۇ ئەھەدا.

سىفەتىڭ «لەم يەلىد ۋەلەم يۇلەد،
ھەيرەتي ۋادەئى تەھەييۇردا،
لەم يەكۇن كۇفۇۋەن ئەھەد» ۋەلەدا.
لا تەئەددى بىغەيرەھۇ ئەھەدا.

**

ۋەھ، نە خۇشدۇر سەيرى گۈلشەن گۈل ئاچىلغان چاغ ئارا،
يار ئىلە بىر گۇشەئىدە بادە ئىچمەك باغ ئارا.

ئوتلۇغ ئاھىمدىن كۆزۈمگە ئەشكى ھەسرەت قىلدى جۇش،
ئۆرتەنۇرمەن دانە تۇشكەندەك قىزىغان ياغ ئارا.

دەردمەنلەر سۇھبەتىدىن تاپماغاي بىدەرد يول،
مەستى بىخۇدغە نە لايىق بەزم تۇتماق ساغ ئارا.

ۋەئدەلەر قىلدىڭ بەسي، ئەمما بىرىگە تۇرمادىڭ،
بىر مەسەل باردۇر: «كىيىك ياتماس ئىشەنگەن تاغ ئارا».

غۇنچە ئاغزىڭ، گۈل يۈزۈڭ كۆرگەن سارى ئۆرتەنمەسە،
نې ئۈچۈن تۇشتى سارىغلىق ھەر تەرەف ياپراغ ئارا.

ھەيرەتىي، ھەركىم جەھان گۈلزارىغە بەردى كۆڭۈل،
لالە ياڭلىغ قالدى ھەسرەت داغى بىرلە تاغ ئارا.

*　*

كۆڭۈل دەردىغە دەرمان ئەيلە، يا رەب،　ئۆزۈڭگە زارۇ ھەيران ئەيلە، يا رەب.
ئىلاجى زەئىپ ھىجران ئەيلە، يا رەب.
بۇزۇلغان خاتىرىمنى ئەيلە مەئمۇر،
قۇرۇغ جىسمىم بەلا ۋادىدا قالدى،　بەھارىستانىنى ئېھسان ئەيلە، يا رەب.
دىلا ئەبرىنى باران ئەيلە، يا رەب.
گەدايى كويۇڭ ئەيلەپ ھەيرەتىينى،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگەگە بىگانە ئەيلەپ،　فەنا مۈلكىغە سۇلتان ئەيلە، يا رەب.

*　*

بەھارى پەسلىدە خوشدۇر زىيارەتى ئەھباب،
كى يار ئىلكىدىن ئىچمەك قەدەھ ـ قەدەھ مەيى ناب.

ھەۋايى سەبزەۋۇ سۇنبۇل نەۋائىي سەير ئىلە نەي،
دەۋايى سىينەئى مەجرۇھ ئىشق ئوتىدا كەباب.

مۇيەسسەر ئولسە چەمەن گوشەسىدە سۆھبەتى يار،
ھوزۇرى خاتىرى ئەھباب ئىشقى جامى شەراب.

مەن ئۇشبۇ گەنجى سەئادەت مەيى گەنجى خىلۋەتدە،
بىلۇرمە نىئمەتىمە دىدە خۇلدى ھۆسنى مەئاب.

مەقامى ھەسرەتى گەر ھەيرەتىي سەفىي دىنە،
نەسىب ئەيلەسە سەنىسىز ئېرۇر ئەشەددى ئەزاب.

*　*

خۇبلۇق باغىدا كۆرمەك چىلۋەئى مەھبۇبى خۇب،
ھەرنە ئىشكىم زاھىر ئەيلەر ئىشۋە بىرلە خۇب ـ خۇب.

خۇبىدىن بىر ئىشۋەكىم بەلگۇرسە، ئايتۇر كىم يامان،
يۈز ئەجەب زۇلفىنى ساچىپ ئەيلەسە مەھبۇب خۇب.

خۇبلار ئىتلارى بىرلە ھەمنەفەسلىق بەرسە دەست،
دەھر ئارا مۇنداق تاپىلماس ساھىبى مەھبۇب خۇب.

خۇبلار گۇلشەن ئارا سەيرى تەماشا قىلسەلەر،
گۇل مەزاقىغە تىگەرگە بادەئى مەرغۇب خۇب.

دىيدەم ئۇستۇن، ھەيرەتىي، گەر خۇبلار قويسە قەدەم،
كىرفىكىم بىرلە غۇبارىن ئەيلەسەم جارۇب خۇب.

*　　*

قاھىرى زۇلجەلالى، يا ۋەھھاب،
قادىرى بەركەمالى، يا ۋەھھاب.

ھەرنەكىم سۆز دېسەم، خىيال ئەتسەم،
سەندىن ئەرمىش مەھال، يا ۋەھھاب.

جەننەتى ئەرسەھەس ـ سەمائ ۋەلئەرز،
نىئمەتى بىزەۋال، يا ۋەھھاب.

دەرەجاتى نەئىم ھۇرۇ قۇسۇر،
مۇلكى بىئىنتىقال، يا ۋەھھاب.

يا تەلەب ئەيلەسەم سۇلەيماندەك،
ھەشمەتى مۇلكۇ مال، يا ۋەھھاب.

بۇ خەيالاتى جۇملە فاسىددۇر،
تىلەرەم ئىتتىسال، يا ۋەھھاب.

كەرەمىڭ بىرلە ئىلتىفات ئەيلە،
بەزمگاھىي ۋىسال، يا ۋەھھاب.

لۇتفى ئامىڭ بىلە ئىنايەت قىل،
لەمەئاتى جەمال، يا ۋەھھاب.

دەۋزەخى فۇرقەت ئىچرە ئەيلەمەگىل،
مۇبتەلايى نەكال، يا ۋەھھاب.

شەۋقى دىيدارى ھەق نەسىب ئەيلە،
خاتىرى بىمەلال، يا ۋەھھاب.

ھەيرەتىي قال بەھرىدىن كەچتى،
بەر مەقاماتى ھال، يا ۋەھھاب.

*　　*

زىھى جەمالكى ۋەسفى جەمىل ئاڭا مەھبۇب،
زىھى جەمالكى نۇقسان سىفاتىدىن مەتلۇب،

جەمال كىمدەكى باردۇر كەمالىدىن پەرتەۋ،
كەمال قايداكى بولسا جەمالىدىن مەسفۇب.

يۇھەببىيۇھۇم ۋەيۇھىببۇنەھۇ بەيان ئەيلەر،
كى ئۆزىگە ئۆزىدۇر مۇھەببەت ھەم مەھبۇب.

قۇياش نۇرىن ئەگەر ئالەم ئىچرە قىلمىش فاش،
فۇيۇزى تەلئەتىدىن كائىنات ئېرۇر مەھبۇب.

جەمالى دوست ئېرۇر جىلۋەگەر ھەمىشە، ۋەلې،
كۆڭۈل كۆزىنى تۇتۇبدۇر غەشەۋۋائى بەرسۇب.

كۆتەر ئۆزۈڭنى ئارادىن پەيدا بولغۇسىدۇر،
ۋەگەر نە سەندىن ئېرۇر يىراق ئۇل مەھسۇب.

ۋىسالى يۇسۇفى مەئنى تىلەرسە، ھەيرەتىيا،
فىراق كۆيىدا چەككىل زىيارەتى يەئقۇب.

* *

لال ئېتەر ۋەسفىدە ئۆزنى ئاقىلۇ دانا كۆرۈپ،
قەترەئىدۇركىم يوق ئەيلەر ئۆزلۈكىن دەريا كۆرۈپ.

كامىل ئېرمەس ئىشق ئارا ھەركىم ۋۇجۇد ئەسبابىنى،
تاشلاماس ئۆزنى فەنا بەھرىدە ناپەيدا كۆرۈپ.

ھاجەت ئەرمەس قىلمە مىژگان ئوقى قاشى ياسىدىن،
جان بېرۇرمەن بىر نەزەردە نەرگىسى شەھلا كۆرۈپ.

ۋەھشىي ئاھۇدىن كېلۇر يادىمغە لەيلى نافەسى،
دەشت ئارا مەجنۇن سىفەتلىغ ۋالەۋئى شەيدا كۆرۈپ.

كەئبەئى ۋەسلىنى ياد ئەيلەپ چېكەرمەن ئوتلۇغ ئاھ،
دەۋزەخى، ۋاھەسرەتا، دەر جەننەتۇل ـ مەئۋا كۆرۈپ.

پەنجەئى خۇرشىدغە زۇلفى يىلاندەك تولغاشۇر،
ئەژدەھا بولمىش ئەسادۇركىم يەدى بەيزا كۆرۈپ.

ھەيرەتى قەتئى مۇھەببەت ئىشق ئېلىگە ئاردۇر،
ئىلكىدە تىغى تەغافۇل بىرلە ئىستىغنا كۆرۈپ.

* *

بىنەۋا قىلدى مېنى ئۇل شوخ بىپەرۋا كېتىپ،
رۇزگارىم تىيرە ئەيلەپ خاتىرىم غەمناك ئېتىپ.

فۇرقەت ئوتىدىن يۈرەك باغرىم سۇ بولدى، ئاھكىم،
قايناغان جارى بۇلاقدەك كۆزلەرىم نەمناك ئېتىپ.

ۋەھ نېچۈك بولغاي مۇيەسسەر بارسام ئىستىقبالىغە،
كىرفىكىم بىرلە غۇبارىن مەقدەمىنى پاك ئېتىپ.

غۇنچەدەك قان باغلاغان كۆڭلۈم نەسىمى ۋەسلىدىن،
ئاچىلۇر ۋەقتىمۇ بولغاي خىرقەسىنى چاك ئېتىپ.

زۇھدى فۇرقەت كار ئېتەر گەر لۇتفى ئىزھار ئەيلەمەك،
نۇش دارۇدىن ئۈمىدى ۋەسلىنى تەرياك ئېتىپ.

* *

سەندىن ئۈمىدىم كەرەمدۇر، يا مۇقىت، بەخشىشىڭدىن بىر دەرەمدۇر، يا مۇقىت.
سەن كەرەم قىلساڭ نە غەمدۇر، يا مۇقىت.
بىر نەۋالە باشلادىڭ بىر ھەرفىغە،
خانى ئېھسانىڭ تىفەيلى ئامۇ خاس، بارچەغە بەسدۇر نە غەمدۇر، يا مۇقىت.
ھەم گەداۋۇ مۇھتەشەمدۇر، يا مۇقىت.
خىرمەنى ھۇمرا بىلە سۇنبۇلى شەھر،
قۇۋۋەتى تەن سەندىنۇ ھەم قۇتى جان، رەھمەتىڭدىن بىر نەئەمدۇر، يا مۇقىت.
جانۇ تەن سەندىن بەھەمدۇر، يا مۇقىت.
ھەيرەتي مىسكىن گەدايى دەرگەھىڭ،
ئاسمان جەيبى كەۋاكىب دۇررىدىن، سەندىن ئۈمىدىم كەرەمدۇر، يا مۇقىت.

* *

لەبلەرىڭ ۋەسفىنى فەھم ئەيلەدى چۇن ئابى ھەيات،
پەردەئى زۇلمەت ئارا يۈزىنى ياشۇردى ئۇيات.

تۇر بەزمىدە يانىپ كەيفىييەتى بادەئى نۇر،
بەندەئى شاھ بىلەن بىر نەچە سۇردى كەلەمات.

چەشمەئى فەيز نېچە خىزرغە كۆرگۈزدى تولۇئ،
ۋەرنە بىسيار تىلەپ تاپمادى ئەھلى زۇلۇمات.

بادەئى ئىشق ئېرۇر مائىدەئى ئىيسا رۇھ،
تىرىلۇر ھەر نەفەسى نەشئەسىدىن ئەزمى رەفات.

يا رەب، گۇل قەۋم تانۇقدۇر لالەسىدىن يەنە يوق،
مەيى ۋەھدەتدىن ئىچىپ تاپتىلار بۇ سىدقۇ سەبات.

ھەرەكەت بولسە ئەلىف ماھىيەتىدىن مەسلۇب،
ئەلىفىدۇركى قەدىڭ مۇئجىزە شىرىن ھەرەكات.

* *

قەترەئى ھەيرەتىي بىدىل ئەشكەستە سەفال،
تۇتار ئۇممىدى كەرەم يامغۇرى ياغسە قەتەرات.

* *

ساقىيا، جامى فەنادىن بادەئى مەنسۇر تۇت،
جانۇ كۆڭلۈمنى مۇھەببەت راھىدىن مەخمۇر تۇت.

ئەيلەرەم بىر نەشئەسىغە ئىككى ئالەمنى تىفەيل،
خاتىرىم مەئمۇرەسىنى تائەبەد مەسرۇر تۇت.

بادەئى مەنسۇر دەين يەئنى ھەقىقەت بادەسى،
دىمەيىن ئەفسۇردەلەردەك بادەئى ئەنگۇر تۇت.

بادەئى ئەنگۇرنىڭ كەيفىيەتى زۇلماتىدۇر،
بادەئى مەنسۇرنىڭ كەيفى سەراسەر نۇر تۇت.

ئەسرەگەن بۇ بادەئى دەيىن شىفائى فىسسۇدۇر،
ئەسرەگەن ئۇل بادەدىن ئەفسۇردەئى رەنجۇر تۇت.

كىم كۆڭۈل بەردى مۇڭا بولدى خەرابى فىل خەراب،
كىم كۆڭۈل بەردى ئاڭادۇر ئەل ئەبەد مەئمۇر تۇت.

* *

ھۇشمەندا، بۇ سۆزنى مەھكەم تۇت، باك ئەلزام پەستلىق قىلدى،
بىر دەلىل ئايتايىن، مۇسەللەم تۇت. ئىسملاردىن تەمام ئەقدەم تۇت.

گەر دىسەڭ بولسۇن قىسمەتىم ئەفزۇن، ھەر تەرەف سۆز تەكاۋەرىن سۇرسەڭ،
خەلق ئارا ئۆزنى بارچەدىن كەم تۇت. فىكر چاۋۇشىنى مۇقەددەم تۇت.

قاشىنىڭ ھەيبەتى تەۋازىئ ئۇچۇن، رەھرەۋى گەر تىلەرسە مەھشەردە،
كۆزلەنىڭ ئۇستىدە مۇكەررەم تۇت. كىپچەلەر كۆزلەرىڭنى پۇرنەم تۇت.

غەم يېمەك بىرلە ئۆكسىمەس ھەرگىز، زاغلار ئاشىيانىدىن رەم تۇت.
نېچە كۈن خاتىرىڭنى بىغەم تۇت.
گەر قەبۇلى ھەق ئەيلەسەڭ، ھەيرەت،
گۈل نەسىمى يەتتى، ئەي بۇلبۇل، ئەھلى ئىرفان سۆزىنى مەھكەم تۇت.

* *

ئىزدەرەم سەندىن كەرەم، يا مۇستەغاس، قەترەئى بولغايمۇ كەم، يا مۇستەغاس.
ئۆلتۈرۈر ئەندۇھۇ غەم، يا مۇستەغاس.
ئىزدەيۇر ئاھ كەرەم گۇم گەشتەلەر،
كىشتەئى رەھمەت سارى يۈزلەنمىشەم، ئايتىبان ھەربىر قەدەم، يا مۇستەغاس.
غەرقى دەريايى مەنەم، يا مۇستەغاس.
نالەلەر قىلسام ئىدا بولغايمۇكىم،
گەر ئىناياتى قۇياشىڭ تۇغماسا، ئۆزلۈكۈم ئەيلەپ ئەدەم، يا مۇستەغاس.
كۆل قىلۇر شام سۇبھى دەم، يا مۇستەغاس.
كەئبەئى كۆيىڭ تىلەرمەن، ھەيرەتىي،
ئىچەسەلەر بەھرى كەرەم لەب تەشنەلەر، ئىزدەرەم سەندىن كەرەم، يا مۇستەغاس.

* *

ئەي دەردۇ غەمىڭ راھەتى بىسيارغە بائىس،
ھەجرىڭ ئەلەمى دەۋلەتى دىدارغە بائىس.

گەر رەنج ئېرۇر مۇقتەزىئى گەنجى فەراۋان،
خار ئەمگەكىدۇر ۋۇسلەتى گۈلزارغە بائىس.

ئەشكىم تۆگەنىپ ئورنىغە قان باغرىم ئاقۇزدى،
سورغىلكى نەدۇر دىيدەئى خۇنبارغە بائىس.

تەن مىھرىدە سەن ئۇيقۇدا، بەختىڭ ئۇياتۇرمۇ،
ئويغاغلىغ ئېرۇر ھەم داغى ئازارغە بائىس.

ئاغرىتما كۆڭۈل كۆرمەگىل ئافاتى ماڭا قات،
ئازار ئېرۇر ھەم داغى ئازارغە بائىس.

بازارى قىيامەتدە كېرەك نەقدى ئەمەلدۇر،
سەرمايە ئېرۇر گەرمىئى بازارغە بائىس.

ھەر يەرگە بارىپ، ھەيرەتىيا، تۇتمادىڭ ئارام،
بىلمەمكى نەدۇر خاتىرى ھوشيارغە بائىس.

* *

گۇل پەرى قىلدى لەتافەت باغىدا گۈل بىرلە بەھس،
لەبلەرى ھەيۋان سۇيى كەۋسەرى مۇل بىرلە بەھس.

قەددى ئاغاز ئەيلەدى بىر سەھى بىرلە نەخل باب،
كۆزلەرى بادام بىرلە زۇلفى سۇنبۇل بىرلە بەھس.

سەۋسەنى ئازادە كەلدى جۇملە تەن بولدى زىنان،
ئاندىن ئەيلەك ئىھتىيات كىم كۆپ تەھەممۇل بىرلە بەھس.

ئايەتى سۇنئى خۇداۋۇ سەفھەئى ھۇسنى جەمال،
ئايدىكىم شەھغە نەلايىق ئەيلەگەي قۇل بىرلە بەھس.

زەلقى زۇلفى مۇئجىزىدىن نۇكتەئىيدۇر بەش دەقىق،
چۇن قەۋى مۇشكىلدۇرۇر دۇررى تەسەلسۇل بىرلە بەھس.

تۇشتى زۇلفى بىلىگە كۆرگىل نەزاكەت تاقىدىن،
كۇرسىغە ئۇلتۇرمادى رەسمى تەتاۋۇل بىرلە بەھس.

ھەيرەتىي، بىر بەھسكىم قىلساڭ دەلىلى جەھلدۇر،
سۇلھ ئەگەر مۇمكىندۇرۇر قىلماق تەھەممۇل بىرلە بەھس.

* *

سەنسىزىن سەيرى گۇلىستاندۇر ئەبەس،
جۇستۇ جۇيى باغۇ بوستاندۇر ئەبەس.

لەبلەرىڭدىن بەرمە لەززەت، مەھ، نەبات،
گۇفتۇ گۇيى ئابىھەيۋاندۇر ئەبەس.

گەر جەمالىڭدىن مۇنەۋۋەر بولماسا،
گۇلشەنى جەنناتى رىزۋاندۇر ئەبەس.

گەر ئۇمىدىم يوقسە جانان ۋەسلىدىن،
ئاررۇيى سۇھبەتى جاندۇر ئەبەس.

بىر ئىشىڭ مەقبۇلى دەرگاھ ئولماسا
ئۇمر ئىچىدە بارچە قىلغاندۇر ئەبەس.

دىمەگىل شىرىنىغە ھەرگىز يەتمەدى،
كۇھكەندىن ئاھۇ ئەفغاندۇر ئەبەس.

گۇلشەن ئەتراپىدا خار خاشاك دىمە،
ئەيلەمەك گۇلغە نىگەھباندۇر ئەبەس.

ئول بۇتى چىن غەبغەب ئايتۇر نۇكتە چىن،
چىن بۇدۇركىم، جۇملە يالغاندۇر ئەبەس.

تۇفراغ ئاستىدىن چىقىپ بىر مۇرچە،
ئايتادۇر تەختى سۇلەيماندۇر ئەبەس.

سۆھبەتى دانا ئېرۇر گەنجى رەۋان،
سۆھبەتى مەغرۇر نادانۇر ئەبەس.
ئاقىل ئەرسەڭ، ھەيرەتىي، بىر نۇكتەسىن،
كىم نەفەسغە يەلنى سالغاندۇر ئەبەس.

* *

ھەق ۋۇجۇدىدا ماسەۋا ھەمە ھېچ،
ئەقلۇ ھۇسن ئىلە نەۋا ھەمە ھېچ.
نەفەسى بولماسا مەسىھايى،
تەبىبى جالىنۇس دەۋا ھەمە ھېچ.

نۇرى خۇرشىد ئەيلەگەندە زۇھۇر،
پەرتەۋى زەررە يا سۇما ھەمە ھېچ.
ھەمەدىن زاتى فاكۇ مۇستەسنا،
مائەدا بىرلە ماھەلا ھەمە ھېچ.

زۇلۇماتى تەڭ ئىچرە قالغاندا،
بولماسا خىزرى رەھنەما ھەمە ھېچ.
ھەيرەتىي بەندە سىدقى ئىخلاسىڭ،
بولماسا تائەتى رىيا ھەمە ھېچ.

* *

فەلەك زالى كەج قەددى رەفتارى كەج،
ئاڭا نىسسۇ ئەۋزائى ئەتۋارى كەج.
قىزا يەرگە باشىنى راست ئەيلەگەي،
كىم ئولسا غۇرۇر ئىلە دەستارى كەج.

ئاڭا پەرۋەرىش كەجمەنەشلەرغە ئىش،
ھەمە خەلق كەج بولسە گۇفتارى كەج.
كەج ئەۋزائىنى بىل جەفا پىشەدۇر،
قاشى ياسى كەج، رۇكىن كەج، تارى كەج.

قاچان راست ئايتۇر كەج ئەندىشلەر،
غىلافى گەنجۇ تىغى ئەييارى كەج.
پۇتولگەن ئەگەر بولسە ناراستلىق،
ئوقۇغىل ئانى راست تۇمارى كەج.

* *

ئەي كۆڭۈل، نەئىتى ھەرىمى كىبرىيا قىلدىڭمۇ ھېچ،
بىر ئەمەل شايىستەنى رۇيى يا قىلدىڭمۇ ھېچ.

بىر ئەزىز مۇرشىدى كامىل ئاياغىنى ياستانىپ،
خاكفايىنى كۆزۈڭگە تۇتىيا قىلدىڭمۇ ھېچ.

بىر خىزەدمەندى مۇھەققىق ئارىفى ئاگاھدىن،
نۇكتەئى ئاڭلاپ ئۆزۈڭگە رەھنەما قىلدىڭمۇ ھېچ.

دۇردى غەفلەتدىن قارا بولغان كۆڭۈل كاشانەسى،
ئافتابى مەئرىفەتدىن پۇرزىيا قىلدىڭ ھىچ.

ھەيرەتىي، مەقبۇل ئىش سەندىن قۇسۇرى تاپمادى،
بارى غەفلەتدىن ۋۇجۇدۇڭنى فەنا قىلدىڭمۇ ھىچ.

*        *

تىلەرەم فەتھى، يا فەتتاھ،
رەھمەتى بىھىساب، يا فەتتاھ.
ئېھدىنەس ـ سەۋاب، يا فەتتاھ.

لۇتفى ئامىگەدىن ئاچىلۇ ئاچىل،
نۇرى فەزلىڭ بىلە كۆڭۈلنى يارۇت،
مۇفتەخىر شەيخۇ شاب، يا فەتتاھ.
ئەيلە رەفئى ھىجاب، يا فەتتاھ.

كەرەمىڭ بىرلە ئەيلەمەك سەندىن،
شاھىدۇ مەئنىيۇ ھەقىقەتىنىڭ
تىلەكىم مۇستەجاب، يا فەتتاھ.
چىھرەسىدىن نىقاب، يا فەتتاھ.

ھەيرەتىي، ھەللى مۇشكىلاتىمغە
دامەن ئالۇدەلەرغە قىلغۇچىسەن
تىلەرەم فەتھى باب، يا فەتتاھ.

*        *

ئەيىۇھەل ئۇششاق خۇش ـ خۇش دىدەئى بىدار سۇبھە،
بىر شەھەنشاھى ھەقىقەت كۆرگۇزۇر دىدار سۇبھە.

سۇبھى ۋەقتىدە ئاقار ئاشىق كۆزىدىن چەشمەلەر،
گۇيىيا جەنناتى تەجرى تەھتىھەل ئەنھار-سۇبھە.

تۇرى مەئنىدىن تاپار مۇسا دىلىغە فەيزى نۇر،
ناگەھان قىلسا تەجەللى مەتلەئۇل ئەنۋار سۇبھە.

نۇرى زۇلمەت سەفھەسىدە ئايەتى لەيلۇن ـ نەھار،
بارىدۇر ئىككى گۇۋاھى قۇدرەتى جەببار سۇبھە.

كېچەلەر بىدار بول گەر ئىزدەسەڭ ئاگاھلىق،
بەندەئى ئاسىي ئەگەر كۆپ قىلسا ئىستىغفار سۇبھە.

دەۋرى ئىسياندىن قارا بولغان كۆڭۈلنى يارۇتۇپ،
تا ئىشىك ئاچقالى كەلدى مەخزەنى ئەسرار سۇبھە.

ساقال ئاقاردى، ئىنشىلگا تۇشتى نىدىن ئالماي ئەمەس،
تەۋبە ئەيلەپ مەن گۇناھىمگە يانىپ بىسيار سۇبھە.

پىرلىق سۇبھى يېتىپتى غافىل ئۇلمە، ھەيرەتىي،
كىم ھەرام ئەرمىش ئۇيۇماق چۈن مەسىيھ ئاسار سۇبھە.

* *

ئەرسەئى قەدردىن بەند ئەرشى مۇئەززەم بىر كاخ،
رەۋزەئى ھىكمەتىدىن سەدرەئى تۇبا ئىككى شاخ.

يەتتە ئايۋانۇ فەلەك كۇرسىيۇ جەنناتى ئەئلا،
نىچە سەير ئەتسە كۆڭۈل ئالەمدىن يوقدۇر فەراخ.

كەلمەدى ھىچ سەدا پەردەئى تۇپراغ ئىچىدىن،
مۇختەفىيلەرنى سوراغ ئەتسە يەنە سۇرى مەراخ.

ھەر سەمائىكى نەدۇر جازىبەئى ۋارىد غەيب،
مۇجىبى نۇقس ئىرۇر بىھۇدە ئاغرىتمە دىماخ.

ھەيرەتىي مەغز تىلەر پوست ئەگەر بولماسە مەغز،
گەردىنى خام ئىرۇر مىھز ئەگەر بولماسە ساخ.

* *

سىنىڭ ئىشقىڭدە شەيدادۇرمەن، ئەي شوخ،
تەرەھھۇم قىلكى، رەسۋادۇرمەن، ئەي شوخ.

كۆزۈم ياشىمغە چۆمدۈم، ھىچ بولدۇم،
تەفەككۇر قىلكى قايدادۇرمەن، ئەي شوخ.

يىگىتلىك شاخى سىندى شەيخ بولدۇم،
غەمىڭ بارىغە بەرنادۇرمەن، ئەي شوخ.

مۇھەببەت دەفتەرىدىن نۇكتە ئاڭلاپ،
فەنا فەننىغە دانادۇرمەن، ئەي شوخ.

بەلا دەشتىدە ئەردى كۇھ ياڭلىغ،
غەم ھىجرانىغە بەرنادۇرمەن، ئەي شوخ.

ئىرۇر ئىشق ئوتى رەفئى سەبر سۇيى،
توگەنگەچ سەبر ئىپتادۇرمەن، ئەي شوخ.

ئايرماس ھەيرەتمې شادىيۇ غەمدىن،
ساڭا ئەزبەسكى شەيدادۇرمەن، ئەي شوخ.

*　*

بىر قۇش ئېرمىش زىكرى رايىڭ، يا ۋۇدۇد، گۈلشەن ئارىغا، ھەر سۈبھى دەم قىلغىل نەۋا،
سەنۇ ئايەت، ۋىرد زىبايىڭ، يا ۋۇدۇد.　ھۆرمەتىدىن مۇستەفانىڭ، يا ۋۇدۇد.

كېچە - كۈندۈز يادى بىرلە تۇت قۇدام،　ئۇممەتىدىن سەن كەتورگىل، ئەي ئىلاھ،
جان ئارا زىكرى زەبانىڭ، يا ۋۇدۇد.　ھەر بەلاكىم ئىمتىھانىڭ، يا ۋۇدۇد.

مۇنىسىڭ زىكرى خۇدا ئىككى جەھان،　ھەيرەتمې، سەرگەشتە راھمې ئىزدەسەڭ،
دەستىگىرى مېھرىبانىڭ، يا ۋۇدۇد.　بەندەدۇر پىنھان مەئانىڭ، يا ۋۇدۇد.

*　*

ئەلا، ئەي شوخ، رەئنايى سىھى قەد،　خۇدا ئىسمىغە ئەيلەرمەن مۇئەككەد.
زىھى قەددۇ، زىھى خەتتۇ، زىھى خەد.
جەمالىڭ پەرتەۋىدىن مۇنكەسىبدۇر،
كەمالى ھۇسن ئەۋجىدە قەمەردەك،　قۇياش نۇرىغە ئەفلاكى زەبەرجەد.
مۇنەۋۋەر تەلئەتى ۋەسفى مۇجەددەد.
تەھەييۇر لەممەسىدە ھەيرەتىدۇر،
ۋىسالىڭدۇر بەھانە دەيرى مەجىد،　غەرىقى فىكرەتۇ زۇلفى مۇجەئئەد.

*　*

شىرىن دەھەنا، سىيم تەنا، شەكلى فەرىزاد،
غەم تاغىنى كەسمەك ماڭادۇر پېشە چۇ فەرھاد.

لەيلى سىفەتا، ھۇسن ۋەششەھىردە ئافاق،
مەجنۇن كەبى ھەجرىڭدە ئىشىم نالەۋۇ فەرياد.

ھەشر ئولسا كۆڭۈل گۇشەسىدە ئۆتولۇرمۇ،
تۇشمەس ئاڭا سەيد ئولدى كۆڭۈل قۇشلارى سەييياد.

بادام كۆزى ئاستىدادۇر زۇلفى ئىكى دام،
تۇشتى ئاڭا سەيد ئولدى كۆڭۈل قۇشلارى مىقاد.

زۇلفى قەدى يەفكەندەسىدۇر سەرۋ ئىلە سۈنبۇل،
ئارى ساڭا مەھكۇم ئىرۇر بەندەۋۇ ئازاد.

فەريادكى غەم بەھرى گىرانبارلارىدىن،
ساھىلدا سەبۇك باختەلەر قىلمادىلار ياد.

نۇر ۋەئدە قەرار ئەتتى بىرى تاپمادى ئىنفاز،
ئۆمىر ئۆتتىيۇ ھەسرەتىدىن بولمادى مۇئتاد.

ئىشقىدە بەسىي، ھەيرەتىيا، كەلسە جەفالار،
ھاشاكى قىلۇر غەير بىلە شىكۋەنى بۇنياد.

* *

ئەي دەھانىڭ شەككەرى شىرىن زەبانىڭدىن لەزىز،
لۇتف ئىلە شىرىن سۆزۈڭ شەككەر دەھانىڭدىن لەزىز.

ئاشكارا لۇتف ئېتىپ ئەلدىن نىھان ئۆلتۈرگۈچە،
ئاشكار ئۆلتۈرگەنىڭ لۇتفى نىھانىڭدىن لەزىز.

كۆزلەرى كىرىفىك سىنانىدىن فەنارە باغلادى،
يوقدۇرۇ قەسسابغە ھېچنىمە قانىڭدىن لەزىز.

يەتكۈچە مەيخانەگە رەنجى خۇمار ئۆلتۈرگۈدەك،
جۇرئەئى بەر، ساقىيا، رەتلى گىرانىڭدىن لەزىز.

يەتمەدى، ئەي كوھكەن، شىرىن قولاغىڭغە ھەنوز،
دەھر باغىدا سەدا ئاھۇ فىغانىڭدىن لەزىز.

ئايتكىم شىرىنىمۇدۇر جان مۇلكى جانان ۋەسلىدىن،
مەيلى دەرسەن يوقدۇرۇر ھېچنىمە قانىڭدىن لەزىز.

ھەيرەتىي، جانۇ جاھانىڭ سەرف قىل جانان ئۈچۈن،
بىر ئىنايەت ئەيلەسە جانۇ جەھانىڭدىن لەزىز.

* *

ئەي كەمالى قۇدرەتىڭغە خالىقۇ جەببار، شۈكر،
ھەر بىر ئېھسانىڭغە، يا رەب، ئەيلەيىن سەدبار، شۈكر.

بىرۇ بارا، هازىرا، پەرۋەردىگارا، قادىرا،
ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئەتتىڭ يوقدىن ئىكىم بار، شۈكر.

تەن قىلىپ يەردىن كەتۈردۈڭ جان بىرىپ قىلدىڭ ھۇباب،
ئەقل ئىمان بىرلە، يا رەب، ساھىبى ئەسرار، شۈكر.

لۇتف ئېتىپ قىلدىڭ، كەرىما، ھەيرەتىي بىچارەنى،
ئۇممەتى پۇر ھىممەت ئول سەييىدى مۇختار، شۈكر.

* *

سەن كەبى ئالەمدە بىر لەيلى مىسالى قايدا بار،
مەن كەبى مەجنۇن سىفەت ئاشۇفتە ھالى قايدا بار؟

كۆزلەرىم يەئقۇبدەك مۇشتاقى دىدارىڭ قانى،
ھۆسن ئارا سەندەك يەنە يۇسف جەمالى قايدا بار؟

ئافتابى ئارەزىڭنى تۇت يامان كۆزدىن يىراق،
گەرچە دەرلەر ئافتابى بىزەۋالى قايدا بار؟

شەككەرىن گۇفتارلار ۋەسفىدە لال ئولسا نې تاڭ،
كىم سىنىڭدەك تۇتىئى شىرىن مەقالى قايدا بار؟

دەردۇ فۇرقەت ھەيرەتىينى سەكتە ئەيلەپدۇر زەئىف،
ئەمدى كۆيۈڭغا يېتىشكۈنچە مەجالى قايدا بار؟

* *

ئالەمى راھىن ئىلە ئول شوخ ئايۋاندىن چىقار،
ئاھۇ فەريادۇ فىغانۇ نالە ھەرياندىن چىقار.

يۈز ئاچىپ گۈلشەن سارى كەلسە خىرامان ئول پەرى،
جان ئۇلۇر تەندىن جۇدا ھۇشۇ خىرەد جاندىن چىقار.

سىيم تەن، نازۇك بەدەن، زىبىبا نىھال ئول نازەنىن،
مىڭدە بىر سەرۋى خىرامان باغۇ بوستاندىن چىقار.

دىلرەبالەر كۆڭلۈم ئىچرە يولىنى پىنھان قىلۇر،
كىم بىلۇركىم روھنى قاندىن كىرىپ قاندىن چىقار.

ئىئتىبار ئەيلەر ئۇزىن سەير ئەتسە سالىك ئىختىيار،
قىيمەتى ئەفزۇن بولۇر ھەر جەۋھەرى كاندىن چىقار.

لەۋھى مەھفۇز ئىلكىدە جىبرائىل ئىشق ئۇستادىدىن،
تەختەئى تەئلىم ئالىپ گويا دىلىستاندىن چىقار.

كەلسە مەيدان سارىدىن ئول شەھسەۋارىم، ھەيرەتىي،
كۆر تەماشاسىغە گەر بەيتۇل ـ ئەھزاندىن چىقار.

* *

بەھار بۇلبۇلىدەك تۇرفە ئاھ ھالىم بار،
كى ھۆسن باغىدە گۇل بەرگى نەۋ نىھالىم بار.

نەدىن كۆرۈپ يۈزىنى جان نىسار ئەيلەمەدىم،
مۇھەببەت ئەھلىنى كۆرگۈچە ئىنفىئالىم بار.

يۈزىن تۇشۇمدە كۆرەي دەپ تىلەرمەن ئۇيقۇمنى،
تۇتاي بۇ ۋەھشىنى دەپ كېچەلەر خەيالىم بار.

رەۋامۇدۇر ساڭا ئاشىقنى ناھەق ئۆلتۈرمەك،
دەبىرى مەدرىسەئى ئىشقدىن سوئالىم بار.

رەقىب نەغمى بىلە يار كۈيىدىن كەتمەم،
باشىم كېتەر ھەۋەسىڭ بىرلە تا مەجالىم بار.

ھەبىب يادىدادۇرمەن، خۇدا گۇۋاھىمدۇر،
ئۇلۇس مەھافىلىدە ھەرنە ئىشتا فالىم بار.

كەمىنە ھەيرەتىي خەستە شاھ بولغۇسىدۇر،
دېسەڭ كۆيۈڭدا گەدايى شىكەستە ھالىم بار.

*

ھۆسن گۈلىستانىدا بىر گۈلى بەھارىم بار،
فۇرقەتىدە بۇلبۇلدەك تۇرفە ئاھۇ زارىم بار.

چېھرە ئەرغىۋانىلەر ساغىرىپ سامان ئولدى،
قايدا زىبىنەتى مەجلىس شوخ گۈلئۇزارىم بار.

ئىشق ئارا نەلامەتدىن قورقۇيۇرمەن، ناسىھى،
مىڭ بەلاۋۇ ئۆلمەكدىن مەن قاچان قاچارىم بار.

زاھىد ئايتۇرى شەيدا بولماغىلىق نە دىل خۇش گۇل،
كۆڭلۈم ئىچرە گۈل چېھرە، تۈركى شوخ يارىم بار.

مەن نەكىم نىشاتى ئەيش يار ۋەسلىدىن بىلمەم،
تازە گۈللار ئاچىلغان داغى ئىشقى يارىم بار.

ھەرنە ئىختىيار ئەيلەر ئەقلۇ جان ئاڭا تابىئ،
ئىختىيارى فەرئىدۇر ھەرنە ئىختىيارىم بار.

ھەيرەتىي ۋىسال ئىزدەپ دەربەدەر گەدا بولدى،
ئەمدى خەلق ئارا بىلمەم قايدا ئېتىبارىم بار.

*    *

بىر دىلبەرى شىرىن لەب جانىمنى شىكار ئەيلەر،
ھەم نازۇ ئىتاب ئەيلەپ باغرىمنى فىگار ئەيلەر.

قىلدى مەنى بىدىلنى ئول بۇتغە ئەجەب مەفتۇن،
ئول كىم يەدى قۇدرەتدىن بۇ نەقشى نىگار ئەيلەر.

ھۆسن ئەھلى قىلىپ پەيدا، ئىشق ئەھلى ئاڭا شەيدا،
گۈل گۈل ئاچىلۇر گۈلشەن بۇلبۇل ئاڭا زار ئەيلەر.

زۈلفىدىن ئاچىپ سۈنبۈل، لەئلىدىن ئاقىزىپ مۈل،
ئاغزىدا چېكىپ قۇل ـ قۇلكىم دەفئى خۇمار ئەيلەر.

گەھ ئەسرىدە ساز ئەيلەپ، ئاشىقنى گۇداز ئەيلەپ،
گەھ لۇتف ئىلە ناز ئەيلەپ، بىر لەھزەدە بار ئەيلەر.

گەھ جەۋر ئەد جامىدىن ئالەمنى قىلىپ مەخمۇر،
گەھ لۇتفى كەلامىدىن ئالەمنى شەرار ئەيلەر.

*    *

لەئلى يادىدا كۆزۈم ئەشكىنى گەۋھەردىن تۇتار،
كىرفىكىم شەبنەملەرىن ياقۇتى ئەھمەردىن تۇتار.

قامەتى ۋەسفىدە تەھرىر ئەتسە بىر مەۋزۇن كەلام،
خامە ئول سائەت ئۆزىن سەرۋى سەنەۋبەردىن تۇتار.

لەبلەرى يەتكەن قەدەھ ئىچرە شەرابى خۇشگۇۋار،
ئول زەمان گوياكى ساقى ئابى كەۋسەردىن تۇتار.

گۈلشەن ئەترافىدا ئەكمىش خار تۇنلەر باغبان،
مەھجەبىنلەر ئۆز يۈزىن خەت بىرلە ئەفكەردىن تۇتار.

كامىل ئەرمەس ئەھلى تەجرىد ئاللىدا تەۋھىد ئاگا،
كىم ئۆزىن مەشھۇر ئېتىپ مەردى قەلەندەردىن تۇتار.

بۇلھەۋەسلەركىم ئۆزىن ئاشىق تەسەۋۋۇر ئەيلەگەي،
ھەيرەتىي مۇرى زەئىفى كىم سەمەندەردىن تۇتار.

*      *

ئول پەرىكىم قەددى مەۋزۇن چېھرەئى زىيباسى بار،
ئاب زەنگۇ زىينەتى زىيۋەردىن ئىستىغناسى بار.

باك ئەمەس ئۆلتۈرگەلى تېز ئەتسە كۆزلەر خەنجەرى،
لەبلەرى ھەيۋان سۇيى بىرلە مەسىھ ئەنفاسى بار.

ئەرغەۋانى چېھرە بىرلە زەئفىرانى پىر مەن،
قىل تەماشا سۇنئ باغىنىڭ گۈلى رەئناسى بار.

شانە ئېلكىگە ئالىپ بوغدى فەرىشان زۇلفىنى،
ئەژدەھا دەفئى ئۈچۈن گويا يەدى بەيزاسى بار.

تۇررەئى شەب رەنگىدە «ۋەللەيلى» مەزمۇنى ئەدا،
يۈزىدە «ۋەششەمسى» تەفسىرى جەھان ئاراسى بار.

بىر كۆزۈم بەھرى فىراتۇ بىر كۆزۈم بەلخىيۇ چاچ،
ئىككى دۇنيا مەقسەدى بىر گەۋھەرى يەكتاسى بار.

غەم سىپاھى لەشكەرىمدۇر دۇدى ئاھىمدۇر ئەلى،
بىنىشانلىق تەختىنىڭ ھەيرەت كەبى داراسى بار.

*      *

ئول پەرى رۇخلار كېلىپ بىلمەم نې ئەفسۇن قىلدىلار،
ئالدىلار كۆڭلۈمنىيۇ ئەقلىمنى مەجنۇن قىلدىلار.

كۆرسەتىپ بىر لەمئەلى ئىشۋە بىلە بەرقى ۋىسال،
كېچەلەر ئاھىم ئوتى تەفتىنى ئەفزۇن قىلدىلار.

تا سەنەۋبەرۋەش سەنەملەر قامەتىنى قىلدى راست،
جان ئارا تۇشكەن ئەلىفنىڭ قامەتىن نۇن قىلدىلار.

بىر دۇررى يەكتا ئۈچۈن كۆز مەردۇمى غەۋۋاسدەك،
چۆمدى غەم بەھرىغەۋۇ ئەشكىمنى جەيھۇن قىلدىلار.

كۆزلەرى قەسسابلاردەك خەنجەرى مىژگان ئىلە،
بىر ئۇيان باقىپ بۇيان باققۇنچە يۈز خۇن قىلدىلار.

بەزمى ۋەسلى يارىغە يەتكۈنچە، بىدىل ھەيرەتي،
مۇددەئىلەر ناتەۋان كۆڭلۈمنى مەھزۇن قىلدىلار.

* *

چەرخى كەج رەفتاركىم ئالەمغە مىھر ئىزھار ئېتەر،
ئاقىبەت تىغى جەفادىن كۆڭلىنى ئەفكار ئېتەر.

نەچچە كۈن گۈل غۇنچەسىدەك گۈلشەنى ئىشرەت ئارا،
ئاچىلۇر بولغاندا سەرمايەنى ئەلدىن خار ئېتەر.

* *

پادشاھلار باشىدىن تاشلاپ كۇلاھى جاھنى،
بىر گەدايى ناتەۋاندەك خەلق ئىچىدە خار ئېتەر.

ئىيساۋۇ مەريەم مەسھۇللاھغە بەردى بىر ئېشەك،
بىر ئېشەك تىينەتغەكىم مىڭلاپ قۇلۇن تەييار ئېتەر.

قايدا بىر نادانۋەشغە پەرۋەرىشلەر كۆرگۈزۈر،
دانىشۇ ئەھلى فەزىلەت زۇمرەسىدىن ئار ئېتەر.

* *

ھەيرەتي بۇ نىلگۇن تاقى سىپىھرى نى مەدار،
كىم كۇشاد تاپتى بەقادىن ئۆزىنى بىنار ئېتەر.

* *

ۋەقتى سەبز ئولدى جەھان سەيرى بەھار ئەتكۈم كېلۇر،
باغ ئارا بىر دەم تەماشايى نىگار ئەتكۈم كېلۇر.

غۇنچەدەك قان باغلاغان كۆڭلۈم ئاچىلغايلارمۇ دەپ،
لەھزەئى نەززارەئى بىر گۈلئۇزار ئەتكۈم كېلۇر.

يار مەنزىلگاھى دەپ سىينەمدە ئوتقاش تارىدىم،
كۆز ياشىم بىرلە سۇغارىپ لالەزار ئەتكۈم كېلۇر.

سەگلەرىڭ باسقان ئىزىڭ بولدى كۆزۈمگە تۇتىيا،
قايدا تاپسام ئول مەنازىلنى مەدار ئەتكۈم كېلۇر.

خۇش دىماغ ئەتكەچ نەسىيمى ئەنبەر ئەفشان كاكۇلى،
گۈلشەنى كۈيى سارى ھەردەم گۇزار ئەتكۈم كېلۇر.

ئول شەھەنشاھى ھەقىقەت بەندەسىدۇر شاھلار،
ئول سەبەبدىن بەندەلىكنى ئىختىيار ئەتكۈم كېلۇر.

تا شەرابى ۋەسلدىن مەست ئەيلەگۇنچە، ھەيرەتى،
جۇرئەئى بەر، ساقىيا، دەفئى خۇمار ئەتكۈم كېلۇر.

* *

گەر ھەقىقەت ئىزدەسەڭ جەمئى فەرىشان ئىچرە كۆر،
گەنج ئەگەر قىلساڭ تەلەپ بۇ گەنجى ۋەيران ئىچرە كۆر.

خار زەخمى بىرلە سەيد ئەتكەن يۈرەك سەد پارەلەر،
غۇنچەدەك باغرى پۈتۈن سەھنى گۈلىستان ئىچرە كۆر.

ئەي پەرى، گەر ئاشنالار دەھر ئارا ئازەدەۋەش،
ئەي بەسا، يۇسۇف سىفەتنى چاھى زىندان ئىچرە كۆر.

* *

نازەنىنلەر ئىچرە سەندەك دىلرەبا قايدىن كېلۇر،
ئىشق ئەھلىدە فەلەكدەك بىۋەفا قايدىن كېلۇر.

هۆسن باغىدە لەتافەت گۈلشەنى ئەتراپىدا،
ئاشنالىغ رەنگى جۇيىيۇ ۋەفا قايدىن كېلۇر.

بىخەبەر كۆڭلۈمگە يەتمەس زەۋقى سەنگىن خارەلەر،
گۈشۇ هۇش ئاڭلاركى بۇ سەۋتۇ سەدا قايدىن كېلۇر.

ئىشق بەزمىدە ئىچۇرمەككە لەتافەت جۇرئەسى،
ۋەرنە سۆز رەئناسىدىن هۆسنى ئادا قايدىن كېلۇر.

تەربىيەت كامىلدىن ئالماي تاپماغاي ناقىس كەمال،
ئەكمەگۈنچە دانەغە نەشۇۋۇ نەما قايدىن كېلۇر.

قايدا بارساڭ، هەيرەتىي، گەر بولماسا ئىقبال دوست،
بارەكەللاھ بىرلە لۇتفى مەرهەبا قايدىن كېلۇر.

* *
*

هەركى ئانىڭ كۆڭلىدە فەزلى هۇنەرى بار،
ئىلكىدە كەلىدى دۇرۇ گەنجۇ گۇهەرى بار.

.....................................

* *

.....................................
كەس تەمەئ جانىدىن ئەگەر جانان دىسەڭ،
كەچ مۇنىڭدىن ئەرسە كۆڭلۈڭ ئانى دەر.

لالە يافراغىن فەرشان ئەيلەگەچ،
قەترە ـ قەترە خەستە باغرىم قانى دەر.

ئىزدىمەكدىنكىم دىمەك سوردىيۇ سۆز،
بەهرىدىنكىم هىكمەتى لۇقمانى دەر.

ئاشىق ئەهۋالىم دىمەس ئالەمغە فاش،
خەستە كۆڭلۈم دەردىنىڭ دەرمانى دەر.

رويى زەردۇ دىيدەئى گىريانى دەر.

تۇئمەئى لايىق كۆڭۈل مىهمانىغە،
كۆز ياشىدۇر باغرىنىڭ پەرمانى دەر.

گەر مۇيەسسەردۇر قەنائەت گۇشەسى،
ئەهلى دىل ئۆزنى ئۇلۇسنىڭ جانى دەر.

* *

ئىشق ئوتى ئۆرتەگۈنچە، هەيرەتىي،

* *

ۋەفاسىزدۇر جەھان رەئناسى، ئەي يار، شەفەق ھەر شام خۇن ئىنشاسى، ئەي يار.
ئۆزۈڭنى قىلماغىل شەيداسى، ئەي يار.
... دەئۈن كەتۈرگەن سەبزە باشىن،
بۇ گۈلشەن گۈللەرىغە بولمە مەغرۇر، كېسەر باكام ئەجەلنىڭ راسى، ئەي يار.
يېتەر بىر كۈن خەزان يەغماسى، ئەي يار.
غەنىيمەت سۇھبەتى گۈلدۇركى، بۇلبۇل،
بىساتى ئىززەتى بەزمى نىشاتىن تۇتۇڭ ئەھباب كۆڭلىن پاسى، ئەي يار.
ئۇزا تاشلار جەھان داناسى، ئەي يار.
يېمەك بىھۇدە نۇش ئەتمەك غەلەتدۇر،
خىرەد ئاللىدا بىنىش زەھرى قاتىل، ...... ئۇلۇس غەۋغاسى، ئەي يار.
زەمانە شەككەرى ھەلۋاسى، ئەي يار.
پەرىشان خاتىر ئەيلەپ ھەيرەتىينى،
كۆزۈڭ ھەر سۇبھىيۇ شام تىغى ئۇريان، پەرىشان كاكۇلۇڭ سەۋداسى، ئەي يار.

* *

* *

كۆڭۈل ئەرشۇ قەفەس تەن، روھ پەرۋاز، ھۇماي ئۇخ ھەم سىتەم ھېچ بولماس،
ئۇشاتىپ بۇ قەفەسنى ئەيلە پەرۋاز. ئەسىرى دامى ھىرسى دانەئى ئاز.

..............................

مىنىپ ھىممەت بۇراقىيۇ قىلىپ سەير، رىيا بەھرىدە زەۋرەق چۇن تەمەئدۇر،
سەمەۋاتى مۇھەببەتغە سەرئەفراز. رىيادىن كەچ تەمەئدىن ئەيلە ئەھراز.

* *

يېتىپ جىبرائىلى تەۋفىق ھىدايەت، تەئەللۇق خارۇ زارىدىن يىراق تۇر،
مەئسىيەت ئالەمىدە قىلمە مېنى تاز. گۈلىستانى تەرەبدە كۆرگىل ئەئزاز.

گەرىبانى تەۋەككۇلنى تۇتۇپ رۇست، قەنائەت كۇرسەسىدە ھەيرەتىينى،
فەنا جارۇبى بىرلە ئەيلە پەرداز. سەرىرى سەلتەنەتغە قىلمە ئاۋاز.

* *

جەھان گۈلىدە ۋەفا رەنگۇ بۇنى ئىزدەمەڭىز،
ئەرۇسى دەھرنى سىز بارچە يارى جانىمىز دېمەڭىز.

ھەيات ماندەسىن ئارىيەت بىلىپ ئاڭلاپ،
بارىنى يەلك، ۋەلى، بۇ مەنزىل ئىچرە غەم يېمەگىز.

نەفەس نەفەس قىلىپ ھەيات خاتىرىن شاداب،
مۇساھىب يولىنى يۈزلەرگە باغلاماڭىز.

چەمەندە گۈل يۈزى بىر نەچچە كۈن غەنىيمەتدۇر،
بۇ مېھماننى تۇتۇڭ ئەزىز، خار ئەيلەمەگىز.

رەقىبلەر دېمەگىز قالغۇمىز كېتىپ سىزلەر،
گۇمان يوقدۇ كېلەرسىز رەقىبلەر ھەمەگىز.

جەھاندا ھەيرەتىي ئېھسان لۇتفى دامى بىلە،
كىم ئېتەدۇركى كۆڭۈل قۇشلارىنى ئاۋلاماڭىز.

* *

دىلرەبالار مۇددەتى رەسمى مۇھەببەت تۈزدىڭىز،
بىۋەفالىقنى تەگۈرۈپ شىۋەلەر كۆرگۈزدىڭىز.

ئەيلەپ ئىستىغنا تەغافۇل تەۋسەنىغە مىندىڭىز،
تاقەتىم رەخشىنى سەبرىم ناقەسىن ھارغۇزدىڭىز.

بىر نەچە ئۇمىدى ۋەسلى ۋەئدەدىن تۇرغۇزسىڭىز،
ئاقىبەت نەۋمىد ئېتىپ تۇفراغدا ئۆلتۇردىڭىز.

ئەي سىتەمگەر، نامۇسۇلمانلار نەدىن ئۆلتۇرمەگىز،
كەلسىڭىز باشىمغە رەھم ئەيلەپ ئۆلۈس تىرگۈزگۈڭىز.

ھەيرەتىي دىۋانە زەنجىرى مۇھەببەت رىشتەسى،
ئەي بۇتى پەيمان شىكەنلەر، نى سەبەبدىن ئۈزدىڭىز.

* *

كىم مۇھەببەتدىن ئىرادەت ئەھلىغە ھەمدەم ئەمەس،
ئەھلى دىللار بەزمىدە ئەۋۋەل بەنى ئادەم ئەمەس.

گۈلشەنى فىردەۋسى ئەئلا، رەۋزەئى خۇلدى بەرىن،
ئاشىقى مەھبۇب كۆڭلى تەبئىدەك خۇررەم ئەمەس.

بىخەبەر زەۋقى تەلەبدىن كۆڭلى سەنگىن خارەلەر،
كۆزلەرى ھەرگىز خۇدانىڭ رەھمەتىدىن نەم ئەمەس.

چەشمە ئەتراپىدا ئۈنگەن سەبزەدەك كىرپىك ئارا،
يارنىڭ كۈيىدا ئۈنگەن خەس كەبى خۇررەم ئەمەس.

قەترەئي ئەشكى نەدامەت ھەقغە ئىسيان ئەھلىدىن،
يەتتى دەريادىن فۇزۇن تائەت سۈيىدىن كەم ئەمەس.

ئەي بەسىرەت ئەھلى، ياد ئەيلەڭ قويى باشىن كۆرۈپ،
كىم بىلۇركىم كۈلبەئى كاۋۇسى نۇرى ھەم ئەمەس.

*　*
*　*

ھۇسن ئارا لەيلى سېنىڭدەك مۇنچە كۆپ زىيبا ئەمەس،
ئىشق ئارا مەجنۇن مېنىڭدەك ۋالەۋۇ شەيدا ئەمەس.

غەم شەبىستانىدە ئىشقىڭ لەمئەسىدىن ئاڭلادىم،
پەرتەۋى سالمىش جەمالىڭ شەمئ بەزم ئارا ئەمەس.

كۆز ئاچىپدۇر رەۋشەن ئەيلەرگە چەمەن رەئنالارى،
ئول شەھىنىڭ سايەسىدە نەرگەسى شەھلا ئەمەس.

تاڭمۇدۇر خۇرشىد گەر ئەۋرۇلسە ھەر كۈن باشىدىن،
زەررە ياڭلىغ ئول قۇياشغە نىسبەتى پەيدا ئەمەس.

ئايتۇر ئەردىم نارەۋا ئۆزدىن دېمەكلىك بولماسا،
ئىشق بازارىدا مەندەك ھېچكىم رەسۋا ئەمەس.

رەم قىلىپدۇر كۆزلەرىمدىن ئۇيقۇ غەم سەۋداسىدىن،
دەشت ئارا كۆرگەن قارا ئاھۇيى سەھرا ئەمەس.

تۇبى قەددىن راست قىلمىش رەۋزەئى بوستان ئارا،
قامەتىڭدەك راست ئېتەردە دىلكەشى زىيبا ئەمەس.

ھەيرەتىي، سۇنغان كۆڭۈلدىن تازە گۇفتارىڭ مەھال،
كىم سىنىڭدەكدىن سەدا مەرغۇبى رۇھ ئەفزا ئەمەس.

* *

ھەر نەفەس بىر مۇلتەمەس، ئەيلە تەمەننا بولمەۋەس،
بەرگەبەس ھەر خارۇ خەس، ئەيلەر تەماشا بولمەۋەس.

ئاشىقى سادىقغەدۇر خارا بۇ يولدا خارا گۈل،
گۈلنى خار ئەيلەر خەيال، گۈلنى خارا بولمەۋەس.

ئاشىقى دىلخەستە يار ئىشكىدە ئىززەت تاپمادى،
كور فەلەكنىڭ گەردىشىدىن مەجلىس ئارا بولمەۋەس.

كەئبەئى مەقسۇدغە ھەرگىز نىشانى تاپمادى،
ھەر تەرەفدىن پويە ئەيلەپ دەشتۇ سەھرا بولمەۋەس.

بىر ھۇرۇف كۆڭلىدە يوق كەسبى كەمالاتى ئۇلۇم،
قىلسا گەر سەيرى سەمەرقەندۇ بۇخارا بولمەۋەس.

بەختى غەم پەرۋەردىشى چەرخى فەلەك گەردىشى،
ھەيرەتىي خۇنابە نۇش بادە پەيما بولمەۋەس.

* *

ھەر كۇنى دەريايى مەشرىقدىن زۇھۇر ئەيلەر قۇياش،
ئول پەرىنىڭ تەلئەتىدىن كەسبى نۇر ئەيلەر قۇياش.

مەئرىفەت مىھرى كۆڭۈل بۇرجىدىن ئەتمىشدەك تۇلۇئ،
تىغ تارتىپ لەشكەرى زۇلمەتنى دۇر ئەيلەر قۇياش.

كامىل ئەۋسافىغە ناقىسلار خەيالى تىيرەدۇر،
فاشدۇر خەففاشلار كۆزىنى كور ئەيلەر قۇياش.

ئەيرەشۇر تۇل ئەھلى ئۇمرى ئافتابىن سايەدەك،
ياتغالى مەغرىب سارى چۇنكىم غۇرۇر ئەيلەر قۇياش.

ھەر كەمالى دەھر ئارا يوقكىم زەۋالى بولماغاي،
ئەۋجىدىن زايىل بولۇر چۇنكىم مۇرۇر ئەيلەر قۇياش.

جۇزۋىدىن كۇللىغە سەير ئەتمەك ئېرۇر شەرتى سۇلۇك،
ئۆيلەكىم ئۆز بۇرجىدىن دائىم ئۆتۇر ئەيلەر قۇياش.

پاك ئەرەنلەردىن نەزەر ئەيلەر قارا تۇفراغنى،
كۆر نېچۇك ئالۇدەئى خاكنى زەھۇر ئەيلەر قۇياش.

ھەيرەتىي ئول ماھ رۇخسارىم يۈزىن ئەيلەر ۋە يا،
ھەر كۇنى دەريايى مەشرىقدىن زۇھۇر ئەيلەر قۇياش.

* *

ئىشق ئوتى كۆڭلۈمدە ياشۇرغان ئارادا كەلدى ياش،
بىزنى فاش ئەيلەركى بەسكىم بىمەھابا كەلدى ياش.

خىزرنىڭ ئەينى ياشۇرغاندەك كۆڭۈل پىنھان ئىدى،
چەشمەئى دىلدىن چىقىپ ھالىمغە گويا كەلدى ياش.

ئەشك ئارا كۆز مەردۇمىدەك ئەيلەدىم غەۋۋاسلىق،
گەۋھەرى مەقسۇدغە ئانداغكى دەريا كەلدى ياش.

* *

تا كۆڭۈل شەمئى كۆزۈم ياشىدىن ئەتمىشدەك فۇرۇغ،
لەئل گۈن خىلئەت قۇۋالىنىپ ئارادا كەلدى ياش.

ئوت تۇتاشتى كۆڭلۈمە ھەردەم فۇرۇغ مىسباھدەك،
رەۋشەنالىقنى زۇھۇر ئەيلەپ ھۇۋەيدا كەلدى ياش.

ئەي كۆزۈم نۇرى، كۆڭۈل شەمئى ئاچىلماس ياشسىز،
ئابرويى مەردۇمانى ئەھلى زىبىا كەلدى ياش.

ئوتلۇغ ئاھىم بىرلە ياشىم نې ئەجەب قىلدى قىران،
ئوت ياشىمنى كۆرگەلى فەخرى تەماشا كەلدى ياش.

ھەيرەتىي، دەردى دىلىڭغە شەربەتىدۇر خۇشگۇۋار،
چۈنكى خۇناب جىگەر بىرلە مۇدارا كەلدى ياش.

* *

ناگەھان ئۇچرادى تەرسا بەچچەئى بادەفۇرۇش،
ئېلكىدىن جامى مۇھەببەت ئالىبان قىلدىم نۇش.

ئۆزلۈكۈم ۋادىسىدىن بىر يولى كەچتىم ئازاد،
مەندە نە سەبر قەرارۇ نە خىرەد، ئەقلۇ نە ھۇش.

مەيى تەھقىقنى ساغەرىدىن نۇش ئەيلەپ،
قىلۇرەم ئىككى جەھان تەركىدە شانەفۇرۇش.

مۇژدە بەردىلەر فەنا دەيرىدە ساكىنلارغە،
مەرھەمەتگاھى ۋەلادىن كېلىبان پاك سۇرۇش.

دېدى ئەي ئىشق مەيىدىن ئىچۇر پىرى ئاتەشلەر،
بادەئى ۋەسل ئىچىپ دەۋلەتى دىيدارغە نۇش.

ھەيرەتىي، مەي بىلە تۇت خاتىرى غەم دىيدەئى شاد،
نەچچە كۈن ئۆمرنى ئىشق ئەھلى بىلە بادەئى خۇش.

* *

تۈشدە كۆردۈمكىم ئول ئاي مەن خەستە بىرلە ئار ئىمىش،
كىمگە، يا رەب، ئۇيلە بەختى تالىئى بىيدار ئىمىش.

ئارزۇيى ۋەسل ھەم بەسدۇر مەنى مەھزۇنغە،
قايدا مەندەك بىنەۋا ئول شاھغە دەركار ئىمىش.

ئىئتىبار ئەيلەر فەلەك ھەر يەردە بىدەردلەركى بار،
نې ئۈچۈن ئەھلى مۇھەببەت خەلق ئىچىندە خار ئىمىش.

ئار ئېتەر ئەبلەھ كۆرۈپ دانا لىباسى فەقردە،
ئەھلى مەئنىدىن بۇ سۆزدىن نۇكتە سۇرمەك يار ئىمىش.

پاك ئەمەس ئۆلتۈرسە بالا قايدا ياخشىدىن يامان،
خار گۈل ئۈستىدەدۇر گۈلشەن بەسى دۇشۋار ئىمىش.

جامەئى زەربەفت ئىله نادان بەخىلنىڭ تۇرماغى،
بىھۇنەر بىر لۇقمە ئۈچۈن خەلق ئىچىدە خار ئىمىش.

پىشەدۇر ئىلكى كەلىدى رىزقىدۇر بىشەك بىلىڭ،
نەچچە ئالتۇن نەۋئى چىنىنىڭ ئاستىدا مۇردار ئىمىش.

ھەيرەتىي، كامىڭ تەلەب قىل يار ئىشكىدىن مۇدام،
كىمگە كىم يار ئۇلسا باردۇر بارچەسى تەييار ئىمىش.

* *

ئاشىقغە ۋىسال ئۇلسا جەھان بىرلە نە ئىش،
ۋەسل ئۇلسا بەھەم ئەھلى زەمان بىرلە نە ئىش.

ئارىفكى ھەقىقەت دۇرى ئاللىدا تۇرۇپ،
ساھىلدا سەدەف ئەھلى گۇمان بىرلە نە ئىش.

دۇنيالىق ئىشى ئاخىرەت ئاللىدا ئەبەس،
دىھقانكى ھۇسۇل ئالدى سامان بىرلە نە ئىش.

جانان ئىسە مەتلۇب، تەلەب ئەيلەمە جان،
ئەي ھەيرەتىي، ئىشق ئەھلىغە جان بىرلە نە ئىش.

* *

بولمادىم جانىم بىرىلىپ ھىجران بەلاسىدىن خەلاس،
يار ئىستىغناسىيۇ ئىشق ئىبتىلاسىدىن خەلاس.

تەگمەگۈنچە نەكھەتى تا بۇ لىسانى فەقرىدىن،
تاپماغاي كۆڭلۈك قۇشى مەنلىك ھەۋاسىدىن خەلاس.

تا مۇھەببەت جامىدىن ئىچمەي زەمانى تاپماغۇك،
مىھنەتى دۇنيايى دۇن دەۋران جەفاسىدىن خەلاس.

كىم رىيازەت سۈيى بىرلە ئەقلىنى يار ئەتمەدى،
ھاشە لىلاھ تاپماغۇك مىھنەت بەلاسىدىن خەلاس.

تەن پەرەستىيكىم فەراغەت مۇنبەرىن ئەيلەر مەقام،
بولماغاي تا ئۆلگۈچە غەفلەت فەزاسىدىن خەلاس.

ئالەم ئەھلىدىن تەۋەققۇ ئەيلەگەن كۈنجى قەبۇل،
تاپماغاي ھەرگىز ئۇلۇسنىڭ ماجەراسىدىن خەلاس.

گۈلستانى دەھر ئارا كۆڭلى پۈتۈنلەر غۇنچەدەك،
قالدىمۇ ئاخىر پەرىشانلىق خەلاسىدىن خەلاس.

ۋەسل ئۈمىدى بىرلە بول فۇرقەت يولىدا، ھەيرەتىي،
ھېچ ئاشىق يوقدۇرۇر فۇرقەت ياراسىدىن خەلاس.

*　　*

مۇھەببەت ئېرۇر ئىنسۇ جاندىن غەرەز، تانۇماقغە خەلقى جەھاندىن غەرەز.
مۇھەببەت مەكىنۇ مەكاندىن غەرەز.
مۇھەببەت كۆڭۈل ئالەمى ئەسلىدۇر،
مۇھەببەت قۇياشى ئەگەر تۇغماسا، ئېرۇر مۇندىنۇ بەلكى ئاندىن غەرەز.
نەدۇر بۇ زەمىنۇ زەماندىن غەرەز.
مۇھەببەت كۆڭۈل مۇلكىنىڭ شاھىدۇر،
مۇھەببەت نۇرى لەمئە كۆرگۈزمەگەي، مۇنى ئاڭلا رۇھى رەۋاندىن غەرەز.
ئېرۇر ئەنجۇمى ئاسماندىن غەرەز.
مۇھەببەتنى غەيبى شەھادات ئارا
مۇھەببەت مەيىن نۇش ئېتەر ئىشق ئېلى، بىلىڭ ئاشكارۇ نىھاندىن غەرەز.
بۇدۇر باغ ئىلە بوستاندىن غەرەز.
مۇھەببەت قۇشىن سەيد ئېتەر ھەيرەتىي،
مۇھەببەت ئېرۇر گەنج مەخفىي ئاتى، بۇدۇر دانەئى خانۇماندىن غەرەز.

*　　*

دەھرى فانى مەجلىسىغە كىم فەراغەتدىن بىسات،
سالدى ھەرگىز تاپمادى جامى بەقادىن ئىنبىسات.

سەبزە ئۈندى گۈل سۈيۈندى تاۋرادى بولدى خەزان،
ئەندەلىبى بىنەۋادىن قالدى ئاھەنگى نىشات.

مۇستەقىم ئول مەئرىفەت بىرلە شەرىئەت يولىدا،
باخەبەر قويغىل قەدەم بارىكى ۋادى پىلسىرات.

مەنزىلىدۇر بەس مەخەۋفۇ راھ رەۋغە يوق ۋۇقۇف،
ھەرتەرەف غۇلى بەيابان، شەرتدۇر كۆپ ئىھتىيات.

ھەر مەقامىكى تاپارسەن ئىشق ئارا ئەيلەپ ئۇرۇج،
ھەيرەتىي، قىلغىل ھەزەركىم تاپماغايسەن ئەل خەتات.

*　　*

مەنزىل ئۆزە كەم ئەيلەر ھىكمەتنى بەيان ۋائىز،
تا بۇت ئارا ھەم تاپتى بىكام زەبان ۋائىز.

گەر ھۇشۇ خىرەد ئەھلى غەفلەتدىن ئەمەس خىرە،
ھەر زەررە قىلۇر ئىنشا بىر نۇكتە ئەيان ۋائىز.

*　　*

ئافاقى جەھان يەكسەر ئاياتى سەنايىئدۇر،
سىر ئاڭلاغۇچىلارغە زەرراتى جەھان ۋائىز.

ھەم ياخشىدىن ئال ئىبرەت بەدخۇ بالاردىن ئىززەت،
تاپتى بۇ مەسەل شۇھرەت ياخشىغە يامان ۋائىز.

بەرگۈنچە نىش ئاۋارە ئەيلەر نەچە سادىقنى،
بۇ مەئنىدەكىم يوقدۇر چۈن تەركى گۇمان ۋائىز.

مەھبۇبى كىتاب ئەرمىش چۈن ھەيرەتىي بىدىلغە،
ئانداغ يەنە ھىچ يوقدۇر بىكىنى زەبان ۋائىز.

*　　*

تەگمىش ھەۋايى دەھر دىن ئەھلى باشىغە سەدائ،
سەۋدايى ھىرىس ئەيلەدى ھۇش ئەھلىدىن ۋىدائ.

بازار ئىمىش بۇ دۇنيا خەلق ئارا ئاندا زار ئەرمىش،
يوق ئاندا غەيرى مىھنەتۇ ئەندۇھۇ غەم مەتائ.

ئەي بىخەبەر بۇ ئالەم فانىدا فىكر قىلغىل،
تا گەشتەئى ھەياتىدىن ئالغايسەن ئىنتىفائ.

ئۆمرۈڭ تەمام بولمايۇ ئىشىڭنى قىل تەمام،
دۇنيا ئىشىغە يوقدۇرۇر ئەنجامى ئىنقىتائ.

ئەي ھەيرەتىي، مۇدام بولۇپ ئەھلى دىل بىلە،
سۆھبەت قىلۇر مەقام فەنا زەۋقىدىن سەما.

* *

كەل ئەمدى كۆڭۈل لەھزەئى قىل فەراغ،
قىلالى ئىكەۋ سەيرى بوستان فەراغ.

غەنىيمەتدۇر ئەھبابۇ فەسلى بەھار،
زەمانى چەمەن سەھنىدە خۇش دىماغ.

گۈل ئاچىلدى تۈزدى چەمەن تاۋرادى،
گۈلۇ ئەندەلىب ئورنىغا كەلدى زاغ.

تەنىمدۇر چەراغنىڭ جان رىشتەسى،
كۆڭۈلدۇر فەتىلە، كۆزۈم ئەشكى ياغ.

كۆچەر مۇتتەفىق سەيلىدىن بۇ دەرەخت،
ئۆچەر مۇختەلىف باد بىر كۈن چەراغ.

بۇدەم ئىچمەسەڭ، ھەيرەتىي، جامى ۋەسل،
قالۇر ھەسرەتىدىن كۆڭۈل ئىچرە داغ.

* *

رايگان ئۆتتى ھەياتىم نەۋ بەھارى، ئەي دەرىغ،
قىلمايىن زەۋقى تەماشايى نىگارى، ئەي دەرىغ.

ئەيلەدىم بىھۇدە سەيرى گۈلشەنى باغى جەھان،
جىلۋەئى كۆرگۈزمەيىن بىر گۈلئۇزارى، ئەي دەرىغ.

نەۋ بەھار ئولدى چەمەندە بولغاي ئېردى كاشكى،
نازەنىن سەرۋۇ قەدى گۈل چىھرە نارى، ئەي دەرىغ.

ئۆتتى چۈن دەي مەۋسۇمى كەلسە بىرى فەسلى بەھار،
كەلگەي ئەردى يازى ئۇمرۇم نەۋ بەھارى، ئەي دەرىغ.

تىيرەدۇر شامى بەلادەك دەۋرانى بىخىرەد كۆزى،
يەتمەدى كۆيىدا سارۇلغان غۇبارى، ئەي دەرىغ.

ئىختىيار ئەيلەپ ۋىسالى يار ئەرمەس بەختىيار،
ھەيرەتىي ئىلكىدە يوقدۇر ئىختىيارى، ئەي دەرىغ.

* *

فىغانكى، يۇمدى زەمان ئەھلى دىيدەئى ئىنساف،
نىچۇككى دۇرنى شەبىھدىن تانۇرغە يوق سەرراف.

تەبىئەتى فەلەك مۇختەلىف مىزاج ئولدى،
ئەناسۇر ئولدى مۇخالىف مەۋالىد ئىنتىخاف.

قەفەس تۇتىئى خۇش بەھ نەچچە بىنەۋا خامۇش،
چەمەندە زاغۇ زەغەن چالمىش ئەرغەۋاندىن لاف.

زەمانە گەردىشىدىن راست ھەمدەمىم نا راست،
تەغەممۇن ئەيلەدى ئول نەۋئىكىم ئەلىفنى راست تاف.

مەرىز گەرچە يىغار سىيم مۇردىن كەمدۇر،
قەنائەت ئەھلىغە سىيمۇرغ سىيمىن ئەيلەر قاف.

كەما نەقشى تەمۇتۇن مەئاش بىرلە نەۋائ،
كەما تەمۇتۇ خەزانى مەئاف بىرلە سەھاف.

كۆڭۈل ئائىنەسىن، ھەيرەتىي، مۇسەففا تۇت،
نە فۇشى مەئنىغە بۇ جەۋھەرى كىرەكدۇر ساف.

* *

تۆكتى بەھمەن سىيمنى تا زەنگبار سىيمەن تەبەق،
خىرقەسىن بۇزدى فەلەك ھەم خەلقى زەررىنى يەشەق.

زەمھەرىر ئوقىنى ناقۇشى فەلەكنىڭ ھۇللەسى،
تاشلادى خەلقى جەھان كۆڭلىگە ئاندىندۇر فەلەق.

قۇدرەتى فەرگار دەۋرىدىن قىلۇردىن زىنھار،
تولچى «ۋەللەيل» ئايەتىدۇر شاھىدى «رەببىل فەلەق».

ئاتەشىن ئاھۇ چەراگاھى ھەمەلنى دەم قىلىپ،
مەرغەزارى سەۋر ئۇزە قىلدى مەقامى مۇتتەبەق.

ئاھۇيى زەررىننى خۇرشىد ئەيلەدى سەيرى ئۇفۇق،
چۇن ھەمەل ئوتلاغىدىن ئۆتكۈنچە بولدى مۇختەرەق.

چەكتى تەقۋىمى ئەزەل سەيرى كەۋاكىب ھىكمەتى،
تا ھەكىمى «لەم يەزەل»دىن شاھىدى بولغاي بۇ شەق.

كىم خىرەد ھۆكمى بىلە سەيرى فەلەكدىن سوردى سۆز،
مۆشرىكىدۇركىم بەرەھمەن قاشىدىن ئىستەر سەبەق.

گۆنبەزى چەرخى مۆقەرنەس سىررىدىن ئاگاھ ئەمەس،
ھۆشمەندىيكىم نۇجۇم ئەھكامى ئەيلەر مۆتتەفەق.

گەھ بىر ئۇغلاق سەكرىشىدىن ئەچكۆ ياغى توڭلادى،
گەھ قۆزىنىڭ ئويناشىدىن تىيۆەلەر قىلدى ئەرەق.

گەر چەمەن رەئنالارىغە بەردى ھۆسنۆ رەڭگى بۆي،
گەھ نەسىمى سۆبھىدىن شەددات ئېلكىگە تەرەق.

ھەيرەتىي مەجمۇئەغە كەۋنەين مەئلۇمۇڭدۇرۇر،
دەفتەرى سۆنئى ئىلاھىدىن ئېرۇر ئىككى ۋەرەق.



(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)




قارغالىق تالئىدۇر تۇرفە سەئادەت ئاسار،
كىم ئاڭا گۈلشەن فىردەۋسدەك ئاچىلدى بەھار.

كۆكدىن ئەنجۇمنى ئەجەب تۇشسە خەرىدارى ئۇلۇپ،
كىم مەتائى تەرەبۇ ئەيش ئىلە تولدى بازار.

بىر مۇبارەك شىيەمۇ خىزر قەدەم مەقدەمىدىن،
تاپتى بۇ بۇقئە ئەجەب زىينەتۇ ئەئزازۇ فەخار.

بەسكى تەشرىف كۇنى غەيرەتى نەۋرۇز ئەردى،
بولدى سەرمەست مەسەررەت مەيدىن ھەر ھۇشيار.

ئول ئەسالەت فەلەكى ئەختەرى سابىت بەگلىك،
كىم ئىرۇر قۇلزۇم ئانىڭ گەۋھەرى زاتىغە كۇچار.

بولدى يۇمنى قۇدۇمى ئاڭا سەرمايەئى ناز،
قارغالىق ئۇزرە كىرەك ئەمدى كۇچار ئۇلسە نىسار.

جەھدى ئەمىرنىكى شاياندۇر ئەگەر پاي ئەنداز،
ئاڭا زەربەفتىنى كەلتۇرسە سىپىھرى دەۋۋار.

مەقدەمى خەيرىغە مەنسەبدىن ئىدى ئىستىقبال،
كۆر بۇ ئىقبالكى بولماس ئاڭا ھەر كىمسە دۇچار.

بۇيلە غۇربەتدە ۋەتەن غەيرەتىنى تاپقۇسى مەرد،
چىقسە رۇستەمدەك ئۇلۇپ رەخش تەۋەككۇلغە سەۋار.

ئاڭا پەيۋەستە ھەمئاغۇش ئەرۇسى ئىقبال،
ھەمقىران ھاسىدى بابەخت ئىلە دىۋا ئىدبار.

مەرھەبا ساھىبى ئىقبال ھۇمايۇنكىم ئانىڭ،
سايەسىن زىللى ھۇما تاپتى بۇ فەرخۇندە دىيار.

لۇتفۇ رەھمەتدە ئېرۇر كەۋسەرۇ فىردەۋس ئاسا،
شانۇ ـ شەۋكەتدە فەلەك پايەۋۇ خۇرشىد ئاسار.

مەكرەمەت ئالەمدۇر فەردى ۋۇجۇدىكىم ئاڭا،
ھىممەتۇ جۇدى ئېرۇر قافۇ مۇھىتى زەخخار.

ئەقل فەئئال فۇيۇزى ئۇزۇبان كۆڭلىدە مەۋج،
ئەھلى ئىشراقى جەبىنىدا ئەياندۇر ئەنۋار.

ئانىڭ ئەنفاسىيۇ ئەخلاق كەرەمىدىن بىھبۇد،
ئىستەسەڭ ئەنبەرى سارا تىلەسەڭ مۇشكى تاتار.

ھۆكمىرانلىقتا تۆمۆرخان كەبي نافىز فەرمان،
تەرجۇمانلىقدا دەقائىق رەسۇ شىرىن گۇفتار

يۇقەرا دەردىغە دەرمان ئۇمەرا باشىغە تاج،
سۇلەھا قۇربىغە تالىب ئۇلەما جەمئىغە يار.

خاتىرىي يوقكىم ئانىڭ مىھرىدىن ئۇلغاي خالى،
يا زەبانىيكىم ئانىڭ مەدھىنى قىلماس تەكرار.

نې فۇسۇن ھۇردى ئانىڭ لۇتفۇ كەرەم ئەنفاسى،
كىم بۇ نەۋئ ئەيلەدى تەسخىر سىغار ئىلە كىبار.

گەر فۇزۇن قىلسە تەجەللىي ئاڭا مەدھى تاڭ يوق،
كىم تەجەللىيغە فۇزۇنراق كەرەمۇ رافەتي بار.

تا ئېرۇر قۇتب جەنۇبىيۇ شىمالىي سابىت،
تا فەلەك سەھنىدەدۇر يەتتە كەۋاكىب سەييار.

مەنسەبۇ زىكرى ئانىڭ سابىتۇ سەييار بۇلۇپ،
تاپسۇن ئەقتاب ئىلە يەتتى بۇدەلادىن ئەنزار.






تا ایرور قطب معنوی و شمالی ثابت　　تا فلک صحیفه‌سیدا دریتی کواکب سیّار
منصب و ذکری اینینگ ثابت و سیار بولوب
تا بسون اقطاب ایلیه تیتی بدگاوین انظار
راقمها ناظمها الفقیر الداعی المدعو بسید اولاد حسین خان التجلی المجلی الحنفی
القادری الدهلوی　　عامله الله بکرمه العمیم و لطفه المعنوی آمین

(نەشرگە تەييارلىغۇچى گۇما ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)




ئۇبەيد زاكانىي تولۇق ئىسمى شەرىف نىزامىددىن ئۇبەيدۇللا زاكانىي بولۇپ، مىلادىيە 1270 ـ يىلى (يەنە بەزى مەنبەلەردە 1280 ـ يىلى) ئىراننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى قەزۋىن شەھىرىگە يېقىن زاكان دېگەن يەردە تۇغۇلغان. ئۇ باشلانغۇچ تەلىمنى ئۆز يېزىسىدا، ئالىي تەلىمنى شۇ دەۋر ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان باغداد شەھىرىدە ئالغان. ئۆمرىدە ھەر خىل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، كېيىن بەزى سەۋەبلەر بىلەن خىزمىتىدىن ئايرىلىپ جاھانكەزدىلىكتە ياشىغان. تەخمىنەن 1370 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

زاكانىي يازغۇچى ۋە شائىر بولۇپ، پارس ئەدەبىياتىدا ھەجۋىيە (ساتىرا) ژانىرىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ ئەسەرلىرىنى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا يازغان. ئۇنىڭ «نەۋادىرل ـ ئەمسال» (نادىر مەسەللەر)، «ئەخلاقۇل ـ ئەشراف» (ئېسىلزادىلەر ئەخلاقى)، «سەد پەند» (يۈز ئۆگۈت) قاتارلىق ئەسەرلىرى پارس ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدۇر. «مۇشۇ گوربە» (مۈشۈك بىلەن چاشقان) ناملىق كىچىك ھەجىملىك مەجازىي داستانى كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

«دىلكۇشا ھىكايەتلەر» (كۆڭۈل ئاچار ھېكايىلەر) ئۇبەيد زاكانىي ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، تۆۋەندە ئۇنىڭدىن تاللانمىلار بېرىلدى.

※ ※ ※

بىر ساددا كىشى باشقىلارنىڭ قويلىرىنى ئوغرىلاپ، گۆشىنى سەدىقە قىلىدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىسا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەي ئاغىنىلەر، سەدىقىنىڭ ساۋابى قوي ئوغرىلىغانلىق گۇناھىمنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ماڭا قويرۇق يېغى بىلەن چاۋا يېغى قالىدۇ. ئەجەبا، شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭلارمۇ؟

※ ※ ※

بىر قېتىم سۇلتان مەھمۇد ئاچ قالغانىكەن، ئاشپىزى ئۇنىڭغا پىدىگەن قورۇپ بېرىپتۇ. بۇ قورۇما ئۇنىڭغا بەكلا تېتىپ كېتىپتۇ ۋە:

— پەدىگەنمۇ يېيىشلىككەنغۇ، — دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خىزمەتكارى شۇئان پەدىگەننى ماختاپ كېتىپتۇ. سۇلتان مەھمۇد قورسىقى تويغاندىن كېيىن:

— مۇشۇمۇ تاماق بولدىمۇ، غىچلا زەھەرغۇ بۇ، — دەپتۇ. خىزمەتكارى دەرھال پەدىگەننىڭ زىيىنى توغرىسىدا بىر تالاي سۆزلەپتۇ. سۇلتان مەھمۇد ھەيران بولۇپ:

— ھەي ئىنسان، ھېلىلا ئۇنى ماختىغانىدىڭغۇ؟ — دەپتۇ. خىزمەتكارى:

— ئەي شاھ، مەن پەدىگەننىڭ خىزمەتكارى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارى. شۇڭا، سىلىگە خۇش ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىشىم كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

※ ※ ※

قەزۋىنلىك بىر كىشىنىڭ چىشى ئاغرىپ كېتىپ تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئىككى تەڭگە بەرسەڭ، چىشىڭنى يۇلۇۋېتىمەن، — دەپتۇ تېۋىپ.

قەزۋىنلىك كىشى بىر تەڭگە بېرىمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ، تېۋىپ ئۇنىماپتۇ. ئاخىر قەزۋىنلىك كىشى ئىككى تەڭگە بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ ۋە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ساق چىشىنى كۆرسىتىپتۇ. تېۋىپ ئۇ چىشنى يۇلۇپ تاشلاپتۇ.

— ھەي، ئاغرىق چىشىمنى يۇلماي، ساق چىشىمنى يۇلۇۋالدىڭ، — دەپتۇ قەزۋىنلىك ئاغرىق چىشنى كۆرسىتىپ.

تېۋىپ ئۇ چىشنىمۇ يۇلۇپ تاشلاپتۇ.

شۇ چاغدا قەزۋىنلىك كىشى تېۋىپقا:

— ئۆزۈڭچە مېنى ئەخمەق قىلىپ، ئىككى تەڭگەمنى ئېلىۋالماقچى بولغانىدىڭ، ئەمما مەن سەندىن ئۇستات كېلىپ، بېشىڭنى ئايلاندۇرۇپ، ئىككى تەڭگىگە ئىككى چىشىمنى يۇلدۇرۇۋالدىم، — دەپتۇ.

※ ※ ※

بىر ۋەزخان مۇنبەرگە چىقىپ:

— كىمكى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ناملىرىنى قەغەزگە يېزىپ، ئۆيىگە ئېسىپ قويسا، شۇ ئۆيگە شەيتان ئەسلا يولىمايدۇ، — دەپتۇ.

شۇ سورۇندا تەلھەكمۇ① بار ئىكەن. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

— تەقسىر، شەيتان بېھىشكە بېرىپ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى يولدىن ئازدۇرغان تۇرسا، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان ئىسمىدىن تەپ تارتارمىدى؟!

※ ※ ※

خەلىپە مەھدىي ئوۋغا چىقىپ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ ۋە بىر كۆچمەن ئەرەبنىڭ ئۆيىدە

① تەلھەك — ئىران مەملىكىتىدە ئەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاش قىزىقچى، سۆزمەن كىشى.

تۇنەشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئەرەب ئۇنىڭ ئالدىغا تاماق ۋە بىر كوزا شاراب ئېلىپ كەپتۇ. مەھدىي بىرىنچى پىيالە شارابنى بوشىتىپ: «مەن مەھدىينىڭ مۇلازىمى بولىمەن» دەپتۇ؛ ئىككىنچى پىيالىنى ئىچىپ بولۇپ: «مەن مەھدىينىڭ ئەمىرى بولىمەن» دەپتۇ؛ ئۈچىنچى پىيالىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن: «مەن مەھدىينىڭ دەل ئۆزى بولىمەن» دەپتۇ.

شۇ چاغدا ھېلىقى ئەرەب دەرھال شارابنى ئۇنىڭ ئالدىدىن تارتىۋاپتۇ ـ دە، ئېيتىپتۇ:

— ھەي ئادەم، بىرىنچى پىيالە شارابنى ئىچىپ، خىزمەتكارلىق دەۋاسىنى قىلدىڭ. ئىككىنچىسىنى ئىچىپ ئەمىرلىك دەۋاسىنى قىلدىڭ؛ ئۈچىنچىسىنى ئىچىپ بولۇپ خەلىپىلىك دەۋاسىنى قىلدىڭ؛ يەنە بىر كاسا ئىچسەڭ، خۇدالىق دەۋاسىنى قىلىدىغان ئوخشايسەن ـ ھە!

ئەتىسى مەھدىينىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندە، ھېلىقى ئەرەب قورقىنىدىن قېچىپ كېتىپتۇ. مەھدىي ئۇنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، بىرمۇنچە ئالتۇن بىلەن تارتۇقلاپتۇ.

※ ※ ※

تەلھەك مۇھىم بىر ئىش بىلەن خارەزمشاھ ھۇزۇرىغا بېرىپ خېلى ئۇزاققىچە شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ. خارەزمشاھ ئۇنىڭ ئىشىنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بەرمەي كەينىگە سۈرۈۋېتىپتۇ.

بىر كۈنى شاھ ھۇزۇرىدا قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدا سۆھبەت بوپتۇ. شۇ يەردە تەلھەك دەپتۇ:

— لەيلەكتەك زېرەك قۇش يوق.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىشىپتۇ كىشىلەر.

— چۈنكى، ئۇ ھېچقاچان خارەزمگە كەلمەيدۇ ئەمەسمۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تەلھەك.

※ ※ ※

بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇد خاپا بولۇپ ئولتۇرغانىكەن، تەلھەك ئۇنى ئاچچىقىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن:

— سۇلتانىم، ئاتىلىرىڭنىڭ نامىشەرىپلىرى نېمە ئىدى؟ — دەپتۇ چېقىشىپ.

بۇ سوئال سۇلتانغا ياقمىدى بولغاي، ئۇ دەررۇ يۈزىنى يانغا بۇرىۋاپتۇ. تەلھەك ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، يەنە شۇ سوئالنى سوراپتۇ.

سۇلتان مەھمۇد ئاچچىقلىنىپ:

— لالما ئىت، بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە ئىشىڭ بار؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھە، بولدى، — دەپتۇ تەلھەك، — ئاتىلىرىڭنىڭ نامىشەرىپلىرىنى بىلىۋالدىم، ئەمدى بوۋىلىرىڭنىڭ نامىنى ئېيتىپ بەرگەيلا.

※ ※ ※

بىر دەرۋىش بىرەيلەننىڭ ئىشىكىگە بېرىپ نان سورىغانىكەن، بىر قىزچاق چىقىپ:

— نان يوق، — دەپتۇ.

— ئۇتۇن بولامدۇ، يا بولمىسا قالىغىلى بىرەر نەرسە بولسىمۇ تېپىلىپ قالار؟

— يوق.

— ئازراق تۇزچۇ؟

— يوق.

— بىرەر كوزا سۇ بولسىمۇ بولاتتى.

— سۇمۇ يوق.

— ئاناڭ قەيەردە؟

— تۇغقىنىمىزنىڭكىگە تەزىيە بىلدۈرگىلى كەتتى.

— ئەھۋالىڭلار شۇنچىلىك بولسا، تۇغقىنىڭلار سىلەرنىڭكىگە تەزىيە بىلدۈرگىلى كەلسە بولغۇدەك، — دەپتۇ دەرۋىش.

※ ※ ※

ئىسفاھانلىق بىر دېھقان خوجا باھاۋۇددىننىڭ ئىشىكىگە بېرىپ دەپتۇ:

— خوجا باھاۋۇددىنغا ئېيت! ئىشىك ئالدىدا خۇدا ساقلاپ تۇرىدۇ، سېنىڭدە ئىشى بار ئىكەن، دېگىن.

ئىشىكئاغا ئىچكىرىگە كىرىپ بۇ خەۋەرنى خوجىسىغا ئېيتىپتۇ. خوجا ئۇ كىشىنى چاقىرتىپتۇ. دېھقان ئىچكىرىگە كىرىشى بىلەنلا خوجا ئۇنىڭدىن:

— سەن خۇدامۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، ئەلۋەتتە خۇدامەن.

— قانداق خۇدا؟

— ئىلگىرى مەن دېھخۇدا، باغخۇدا، خانەخۇدا ئىدىم، سېنىڭ ئولپانچىلىرىڭ يېزامنى، يېغىمنى، ئۆيۈمنى تارتىۋالدى. ئەمدى پەقەت خۇداسىلا قالدى.

※ ※ ※

قارۇندەك كاتتا بىر باينىڭ ئەجەل كۈنى يېقىنلاپ قاپتۇ. ھاياتقا بولغان ئۈمىد يىپلىرىنى ئۈزۈپتۇ ھەمدە بالىچاقىلىرىنى يېنىغا يىغىپ، مۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇ:

— باللىرىم، مال - دۇنيا يىغىمەن، بىرنى ئىككى قىلىمەن دەپ كۆپ جاپالارنى چەكتىم، ئۇزاقتىن - ئۇزاق سەپەرلەردە بولۇپ، كۆپلەپ پول ئازابى تارتتىم. ئەمدى سىلەر ئېھتىيات قىلىڭلار. ناۋادا بىركىم: «داداڭ چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، ھالىڭغا مەيلى بار ئىكەن» دېسە، ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا ھەرگىز چۈشمەڭلەر. چۈنكى، بىرىنچىدىن، مەن ئۇنداق گەپنى ئېيتمايمەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۆلۈك ھېچ نەرسە يېمەيدۇ. ئەگەر مەن سىلەرنىڭ چۈشۈڭلەرگە كىرىپ شۇنداق ئىلتىماسنى قىلسامۇ، ھېچقانداق ئىلتىپات كۆرسەتمەڭلەر. چۈنكى، چۈش دېگەن ئۇيقۇنىڭ پوقى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن تىرىكلىكىمدە يېمىگەن نەرسىگە ئۆلگەندىن كېيىن ھەۋەس قىلمايمەن.

※ ※ ※

بىر تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتىدىغان بىر بايغا كىشىلەر:

— بېخىللىقىڭىزمۇ جايىدا بولغىنى ياخشى، بىر تىيىن ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلمىسەڭمۇ بولاتتىغۇ، — دېيىشىپتۇ. باي:

— مەن ئېمىشقا بىر كۈن، بىر ھەپتە، بىر ئاي، بىر يىل، ھەتتاكى بىر ئۆمۈر يېتىدىغان ئىبلىمدىن كەچكۈدەكمەن؟ — دەپتۇ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىشىپتۇ كىشىلەر.
— ئەگەر بىر تىيىنغا تۇز ئالسام بىر كۈنگە يېتىدۇ؛ ئۇنى ھامىمامچىغا بەرسەم بىر ھەپتىگە؛ كىر يۇغۇچىغا بەرسەم بىر ئايغا يېتىدۇ؛ سوپۇرگە ئالسام بىر يىلغا يېتىدۇ؛ مىخ سېتىۋېلىپ تامغا قاقسام بىر ئۆمۈر يېتىدۇ. شۇنچە لازىملىق نەرسىنىڭ قەدرىگە يەتمىسەم بولامدۇ؟! — دەپتۇ باي.

※ ※ ※

ناھايىتى سەت بىر سودىگەر ئەينەكتە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ: «ئەي خۇدا، مېنى شۇنچىلىك كۆڭۈل قويۇپ ياراتقىنىڭغا مىڭ قەتلە شۈكرى» دەپ ئولتۇرغانىكەن، بۇ گەپنى ئۆينى يىغىشتۇرۇۋاتقان خىزمەتكار ئاڭلاپ قاپتۇ. خىزمەتكار ئىشىنى توختىتىپ، ئەمدىلا تاشقىرىغا چىقىشىغا كىمدۇر بىرى:
— خوجايىنىڭ ئۆيدە نېمە قىلىپ ئولتۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئەينەككە قاراپ خۇداغا يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خىزمەتكار.

※ ※ ※

بىر مەرگەن قۇشقا قارىتىپ ئوق ئۈزگەنىكەن، ئوقى قىيىپ كېتىپتۇ. يېنىدا تۇرغان ئاغىنىسى بۇنى كۆرۈپ:
— ئاپىرىن ! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ.
— نېمە، مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ — دەپتۇ مەرگەن.
— ياق، مەن «ئاپىرىن»نى ساڭا ئەمەس، قۇشقا ئېيتتىم.

## مۇھەممەد ئەۋفىي

مۇھەممەد ئەۋفىي، تولۇق ئىسمى شەرىفى نۇرىددىن مۇھەممەد ئىبنى تاھىر ئىبنى ئوسمان (بۇخارىي) بولۇپ، مىلادىيە 1177 — 1172 - يىللار ئارىسىدا بۇخارادا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىلگەن. ئۇ ئەدەبىياتشۇناس ۋە تەرجىمان بولۇپ، شەرق ئەدەبىياتىدا تەزكىرەچىلىك ژانىرىنىڭ ئۇلىنى سالغۇچىلاردىن بىرىدۇر. ئۇ 1201 - يىلى بۇخارا ھاكىمى سارىيىدا كاتىپلىق قىلغان. كېيىن خارەزم، خۇراسان شەھەرلىرىگە ساياھەت قىلىپ بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەتلەردە بولغان ۋە ئۇلاردىن تەلىم ئېلىپ مەلۇماتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. 1219 - يىلى ئانا يۇرتى بۇخاراغا قايتىپ كەلگەن. موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدە ھىندىستانغا كېتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ياشاپ ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيە 1233 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەممەد ئەۋفىينىڭ تولىمۇ مۇھىم ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قېلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىكى ئۇنىڭ «لۇبابۇل - ئەلباب» (مېغىزلارنىڭ مېغىزى، 1222 - يىلى) ناملىق تەزكىرەسىدۇر. ئۇنىڭدا قەدىمدىن تا ئۆز دەۋرىگىچە بولغان شېئىرىي ئەسەرلەردىن ئۈلگىلەر

كەلتۈرۈلگەن ۋە شائىرلار توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئۇشبۇ تەزكىرە پارسچە يېزىلغان شېئىرلار توغرىسىدا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تەزكىرەلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى بولۇپ، بىرىنچى مەنبەدۇر. ئۇنىڭدا ناملىرى تىلغا ئېلىنغان كۆپچىلىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى موڭغۇللارنىڭ تالان - تاراجى سەۋەبىدىن يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، «لۇبابۇل - ئەلباب» ئۇلار توغرىسىدىكى بىردىنبىر مەنبە سانىلىدۇ.

ئەۋفىي 1223 - يىلىدا ئەرەب يازغۇچىسى ئەبۇ ئەلى ئەل - مۇھەسسىن ئەت - تەنئۇھىي (10 - ئەسىر)نىڭ «ئەل - فەرەج بەئد ئەش - شىددە» (قىيىنچىلىقتىن كېيىنكى شادلىق) ناملىق ئەسەرنى ئەرەبچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. كېيىنچە ئۇنىڭدا شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئەسەر يېزىش ئىشتىياقى تۇغۇلغان بولسا كېرەك، 1228 - يىلى «جەۋامىئۇل - ھېكايەت ۋە لەۋامىئۇر - رىۋايەت» (ھېكايەتلەر توپلىمى ۋە رىۋايەتلەر ياغدۇسى) دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇ كىتاب 2000دىن ئارتۇق ھېكايە ۋە رىۋايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆرلۈك پەنلەرگە ئائىت ئىلمىي پارچىلار، بەس - مۇنازىرىلەر ۋە خۇلاسىلەر ھېكايە، رىۋايەت شەكلىدە بايان قىلىنغان.

تۆۋەندە شۇ ئەسەردىن نەمۇنىلەر بېرىلدى.

※ ※

يەزدىجۇرد ساسانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ كىشى بولۇپ، ئەڭ ياۋۇز ۋە زالىم پادىشاھلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ باللىرى كىچىكلا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى چەكسىز غەم - ئەندىشىگە تولۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شۇنچىلىك خۇشپىچىم ۋە چىرايلىق بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇكى، چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىكەن، كەلگۈسىدە ئاتىسىنىڭ ئىزباسارى بولىدىغانلىقى بىلىنىدىكەن.

يەزدىجۇرد بۇ پەرزەنتىنىڭمۇ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى تەربىيەلەشنى ئەرەب ئەمىرى نۇئمان مۇنزىرغا تاپشۇرۇپتۇ. نۇئمان مۇنزىر ئىراق شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان كۇفەگە يېقىن، ھاۋالىق ۋە گۈزەل مەنزىرىلىك ھىرە شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئىكەن.

نۇئمان مۇنزىر يەزدىجۇردنىڭ ئەمرىگە بىنائەن گۆدەكنى ھىرە شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. نۇئمان ئۈچ ئېمىكئانا تېپىپ، بالىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپتۇ. بۇ ئېمىكئانىلار مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئەرەبتىن؛ ئىككىنچىسى ئەجەم (پارس)دىن؛ ئۈچىنچىسى تۈركتىن ئىكەن. ئەرەبنىڭ گەپتە چېچەنلىكى، ئەجەمنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈكى، تۈركنىڭ تۇغۇچلۇقلۇقى (باتۇرلۇقى) بەھرامگۆردە مۇجەسسەملىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۈچ خىل تىلدا ئەركىن، راۋان سۆزلىشەلەيدىغان بوپتۇ.

نۇئمان مۇنزىر ئۇنىڭ شەرىپىگە ئىككى جايغا ھەيۋەتلىك قەسىر سالدۇرۇپ، بىرىگە سەدىر، ئىككىنچىسىگە خەۋەرنەق دەپ نام قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەرەب مەملىكىتىدە بۇنداق گۈزەل ئىمارەت بىنا قىلىنمىغانىكەن. بەھرام شۇ يەردە ئۆسۈپ كامال تېپىپتۇ. شىجائەت ۋە جاسارەت بابىدا ئۇ شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، ئاتقان ئوقى ئاسماننى پەلەكنى تېشىدىكەن، چاپقان قىلىچى دۈشمەن كاللىسىنى تېنىدىن شارتلا ئۈزۈپ تاشلايدىكەن.

نۇئمان مۇنزىرنىڭ شامالدەك ئۇچقۇر بىر ئېتى بار ئىكەن. بىر كۈنى شۇ ئاتنى ۋە بىرمۇنچە مال - دۇنيانى بەھرامغا تارتۇق قىلىپ:

— ئۆزىڭىزگە نېمىنى لايىق كۆرسىڭىز، ھەممىسى سىزنىڭ بولسۇن، مەن ھېچ نەرسىنى سىزدىن

ئايىمايمەن، — دەپتۇ.

بەھرام ئۇنىڭ لۇتفۇ مەرھەممىتىنى چەكسىز تەشەككۇر ۋە ئۆزرىخاھلىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ مال - دۆلىتى ۋە شانۇ شەۋكىتى ئېشىپ، ھاياتىنى شاد - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇنىڭغا بەھرامگۆر دەپ لەقەم قويۇشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىنكى، بىر كۈنى ئۇ نۇئمان بىلەن ئوۋ قىلىپ يۈرگىنىدە، قۇلانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى تىتما - تىتما قىلىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغان شىرغا ئۇچرىشىپ قاپتۇ، بەھرام شىرغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق شىرنىڭ تېنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، قۇلاننىڭ قورسىقىغا سانجىلىپتۇ. شىرمۇ، قۇلانمۇ شۇ زامان تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ بەھرامگۆر دەپ ئاتالغانىكەن.

بەھرام چوڭ بولۇپ، داڭقى ئالەمگە يېيىلىپتۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە بارماقچى، ئۇنى زىيارەت قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ بۇ توغرىسىدا نۇئمانغا مەسلىھەت سېپتۇ:

— شۇنداق قىلسىڭىز، ساۋابلىق ئىش بولاتتى، — دەپتۇ نۇئمان، — سىزگە ئوخشاش ئوغۇل ئاتىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلمىقى، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالمىقى ھەم پەرز، ھەم قەرزدۇر. سىزگە ئوخشاش ئوغۇلغا ھەرقانداق ئاتا جېنىنىمۇ ئايىمىسا كېرەك. ئەمما، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئاتىڭىز جاھىل ۋە قىلىقى يامان ئادەم. مۇبادا ئۇ دىلىڭىزنى رەنجىتىپ قويسا، تېرىكمەڭ، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ.

— مەيلى، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، — دەپتۇ بەھرام، — يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈش، جامالىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىشتىياقىدىمەن.

شۇنىڭ بىلەن نۇئمان يول ھازىرلىقىنى كۆرۈپ، بىرقانچە ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى قوشۇپ ئۇنى مەدائىن شەھىرىگە يولغا سېپتۇ. بەھرام ئاتىسىنىڭ سارىيىغا كەپتۇ، ئەمما ئاتىسى ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەپتۇ، ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرماپتۇ ھەمدە ئىلتىپاتمۇ كۆرسەتمەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. بۇنىڭدىن بەھرامنىڭ ئۆتە خورلۇقى كەپتۇ.

بىر كۈنى بەھرام ئۇيقۇ غالىب كېلىپ، تۆۋرۈككە يۆلەنگىنىچە مۈگدەپ قالغانىكەن، ئاتىسى بۇ ھالىنى كۆرۈپ دەرغەزەپ بوپتۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازار بېرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. بەھرام خېلى ۋاقىتقىچە زىنداندا يېتىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە رۇم قەيسەرىنىڭ ئۇكىسى مەدائىنغا ئەلچى بولۇپ كەپتۇ ۋە بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ. بەھرام ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپتۇ. ئۇ يەزدىجۇردقا مۇراجىئەت قىلىپ:

— بالىڭىز ئەرەبلەر ئارىسىدا چوڭ بولغان، ئەرەبلەرنىڭ خۇي - پەيلى ئالىيلىرىغا ئايان. ئۇنى ئازاد قىلىپ، نۇئماننىڭ ھۇزۇرىغا يولغا سېلىپ قويسىڭىز، كۆپ ساۋابلىق ئىش بولاتتى، — دەپتۇ.

يەزدىجۇرد بەھرامنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ، ھېچقانداق مەرھەمەت كۆرسەتمەستىن ئۇنى نۇئماننىڭ ئالدىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

نۇئمان ئۇنى زور دەبدەبە بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، ئايىغى ئاستىغا پاياندازلار سېپتۇ. بۇنىڭدىن بەھرامنىڭ بېشى كۆكلەرگە يېتىپتۇ. ئۇ ئەيش - ئىشرەت ۋە ئوۋ - شىكار قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەپتۇ.

يەزدىجۇردنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەئيانۇ ئەشرەپلەر ۋە لەشكەر باشلىرى يىغىلىشىپ شۇنداق دېيىشىپتۇ: «بىزلەر يەزدىجۇردنىڭ دەستىدىن تولىمۇ كۆپ جەبىر - زۇلۇم، خورلۇق كۆردۇق. مانا ئەمدى دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولۇپ، ئۇنىڭ زوراۋانلىقىدىن قۇتۇلدۇق. ئەرەب ئېلىدە ئۇنىڭ ئوغلى بار، لېكىن ئۇ ياۋۇزنىڭ نەسلىدىن بولغان بىر كىمنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى، ئاتىسى كۆرسەتكەن

كۆڭۈللەرنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن.»

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساسانىيلار دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغ سالغۇچى ئەردەشىرنىڭ ئوغلى كىسرا خۇسراۋ (خۇسراۋ I) بار ئىكەن. كاتىپلارنىڭ ھەممىسى بىر پىكىرگە كېلىپ، تاجۇ ـ تەختنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ.

بەھرام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خاپا بوپتۇ، روھى چۈشۈپتۇ. شام شەھرى باتۇرلىرىدىن قوشۇن تۈزۈپ مەدائىنغا قاراپ يول ئاپتۇ.

ئىراننىڭ كاتىپلىرى بەھرامنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ، پىتنە ـ پاسات كۆپىيىپ، بىكاردىن قان تۆكۈلۈشتىن ئەنسىرەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر توپ دۆلەت كاتىپلىرى بەھرامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھال ئېيتىپتۇ:

ـــ نېمىشقا كەلدىڭىز؟ بىز ئاتىڭىز دەستىدىن كۆپ جاپا تارتتۇق. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ پۇشتىدىن يەنە بىرىنىڭ بىزلەرگە پادشاھ بولۇشىنى ئەسلا خالىمايمىز، ـــ دېيىشىپتۇ.

بەھرام ئۇلارنى ئوچۇق چىراي قارشى ئاپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

ـــ ئاتامنىڭ ئادالەت ۋە ئىنساپتىن يىراق پادشاھ ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم. ئەمما، مېنىڭ ئىستىكىم ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئادالەت ئورنىتىش. ئۇ نېمىنى يىرتقان بولسا، شۇنى قايتىدىن تىكىپ ياماش؛ نېمىنى سۇندۇرۇپ تاشلىغان بولسا، شۇنى مىخلاپ ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈشتۇر. مەن ئۇنىڭ قىلغان ياۋۇزلۇقلىرى ئۈچۈن سىلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن. ئەگەر شۇ كىشىنى پادشاھ قىلىپ كۆتۈرگەنىكەنسىلەر، سىلەرنىڭ ئىستەكلىرىڭلارغا قارشى تۇرۇشقا ھەددىم ئەمەس. لېكىن، بىر ئىلتىماسىم باركى، ئەتە پادشاھلىق تاجىنى ئېلىپ كېلىپ، ئاچ قالغان ئىككى شىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇڭلار. كىمكى ئىككى شىرنىڭ ئارىسىدىكى تاجنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالىسا، شۇ ئادەم پادشاھ بولغاي.

بەھرامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مەقسىتىنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى، ھۆسن ـ جامالىنى كۆرگەن ئالىي ئۆلىمالار قايىل بولۇپ كېلىپ، دۆلەت كاتىپلىرىغا مۇنداق دېيىشىپتۇ:

ـــ بەھرام ھېچكىم بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز ئېسىل كىشىكەن.

ئەتىسى دۆلەت كاتىپلىرى توپلىشىپ يىغىلىش قىپتۇ ۋە شىرخانىدىن ئىككى ئاچ شىرنى ئېلىپ چىقىپ، تاجنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ـ دە، زەنجىرىنى يېشۋېتىپتۇ. پادشاھ بولماقچى بولغان ئىككى شاھزادە ـــ بەھرام بىلەن كىسرا شىرلارغا يېقىنلىشىپتۇ.

كىسرا ئاچ شىرلارنى كۆرۈپ قورقۇپتۇ، جېنى تاتلىق بىلىنىپ، «مېنىڭ ئۈچۈن جان تاجۇ ـ تەختتىن ئەزىزرەك» دەپتۇ.

بەھرام بولسا: «تاج ھەۋەسىنى قىلغان كىشى بېشىنىڭ بەھرىدىن كەچمىكى لازىم» دەپ تۇغۇچلۇق (باتۇرلۇق) بىلەن ئالغا ئېتىلىپتۇ ۋە گۇرزىنى ئېلىپ شىرلارغا ھەملە قىپتۇ. شىرلار ئۇنىڭغا تاشلانماقچى بولغاندا، بەھرام ئاتتىن سەكرەپ بىر شىرنىڭ ئۈستىگە مىنىۋاپتۇ ۋە يەنە بىر شىرنىڭ قۇلىقىدىن چىڭ تۇتۇپ، ئىككىسىنىڭ بېشىنى بىر ـ بىرىگە ئۇستۇرۇۋېتىپتۇ، شىرلارنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ ئۆلۈپتۇ.

بەھرام تاجنى يەردىن ئېلىپ بېشىغا كىيىپتۇ. ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ كىسرا تەزىم قىپتۇ. باشقىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باش ئېگىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بەھرام سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ.

※ ※ ※

ھاتەم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆكسى ئۇنىڭ ئىزنى باسماقچى، ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. ھاتەم بىر گۈمبەز سالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەتمىش دېرىزىسى بار ئىكەن. تىلەمچىلەر ھەر كۈنى گۈمبەز ئەتراپىغا تىزىلىشىپ، دېرىزىگە قول سوزىدىكەن، ھاتەم ئۇلارنىڭ قولىغا بىرەر نەرسە بېرەتتىكەن. ھاتەم ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆكسى شۇ گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرماقچى بوپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا:

— بالام، بۇ نىيىتىڭدىن يان، سەن ئىككى دۇنيادىمۇ ھاتەم بولالمايسەن، — دەپتىكەن، ئۇ قۇلاق سالماپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى بۇ بالىسىنى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ. ئەسكى كىيىملەرنى كىيىپ گۈمبەزنىڭ دېرىزىسىگە قول سوزۇپتۇ. ھاتەمنىڭ ئۆكسى قولنى تونۇپ:

— ھەي كەمپىر، ھېلىلا قول سوزغانىدىڭغۇ، ئۈچىنچى قېتىم تىلەمچىلىك قىلامسەن؟ — دەپ تېرىكىپتۇ.

شۇ چاغدا ئانىسى ئۆزىنى ئاشكارىلاپ:

— بالام، سېنىڭ قولۇڭدىن بۇ ئىش كەلمەيدۇ، دېمىگەنمىدىم؟! مەن بىر كۈنى ئاكاڭنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە يەتمىش دېرىزىگە يەتمىش قېتىم قولۇمنى سوزۇپ سەدىقە تىلىگەنىدىم، ئاكاڭ مېنىڭ قولۇمنى تونۇغان بولسىمۇ، بىر قېتىممۇ قۇرۇق قول قايتۇرمىغان ۋە ئىزا قىلمىغانىدى. سېنىڭ خاراكتېرىڭ ئاكاڭنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. بۇنى مەن ئەمچەكتىكى چېغىڭدىلا بايقىغانىدىم، سەن ھەر قېتىم ئەمگىنىڭدە بىر كۆكسۈمنى ئاغزىڭغا سېلىپ، ئىككىنچىسىنى قولۇڭ بىلەن چىڭ تۇتۇۋالاتتىڭ. ئاكاڭ بولسا كۆكسۈمنى ئاغزىغا زورلاپ سالغىنىمغا قارىماي، چىقىرىپ تاشلايتتى. تەبىئەتلىرىڭلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشىلىقى شۇ چاغدىلا بىلىنگەنىدى، — دەپتۇ.

※ ※ ※

بەسرەلىك بىر باينىڭ نۇرغۇن قويى بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ساغلىقلاردىن ساغقان سۈتكە سۇ قوشۇپ ساتىدىكەن.

بىر كۈنى چوپان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— باي ئاكا، بۇنداق قىلمىغايلا، خىيانەت بولىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولماس، — دەپتۇ. باي ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماپتۇ.

بىر كۈنى قويلار تاغ ئېتىكىدە ئوتلاپ يۈرگەندە، قاتتىق قىيان كېلىپ قويلارنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى چوپان قۇرۇق قايتىپ كەپتۇ.

— قويلار قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

— ئەي خوجام، سۈتكە قوشقان سۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ قىيانغا ئايلاندى ـ دە، قويلاردىن بىرنىمۇ قويماي ئېقىتىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوپان.

※ ※ ※

بىر ھىندى پادىشاھى تۆت پەھلىۋان ئاكا ـ ئۇكىغا بەكمۇ ئىخلاس قىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ناھايىتى چوڭ كۆرىدىكەن. شۇڭا، ئۇلارنى ئۆزى ئالاھىدە تەربىيەلەپ ۋايىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار چوڭ

بولغاندىن كېيىن ئىككىسىنى خىزمەتكار، ئىككىسىنى خاننىڭ خاس قورۇقچىسى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپتۇ. بۇ تۆت ئاكا ـ ئۇكا ھەر كۈنى كېچىسى نۆۋەت بىلەن شاھنى قوغدايدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى، شاھ تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان بولۇپ، ئاكا ـ ئۇكىلاردىن بىرى ئۇنىڭ باش تەرىپىدە قورۇقچىلىق قىلىپ تۇرغانىكەن. شۇ چاغدا، تۇيۇقسىز تورۇستىن بىر يىلان چۈشۈپ، ئۆزىنى شاھنىڭ تۆشكىگە تاشلاپتۇ ۋە مەلىكىنى چېقىشقا تەمشىلىپتۇ.

قورۇقچى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قاپتۇ. ئەگەر يىلان مەلىكىنى چاقسا، مەلىكە ئۆلۈشى ئېنىق؛ يىلاننى ئۆلتۈرەي دېسە، شاھ ئويغىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇ يىلاننى مىلتىقنىڭ قونداقى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى تەختنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. كېيىن قارىسا، مەلىكىنىڭ كۆكرىكىدە بىر تامچە يىلان زەھىرى تېمىپ قالغان. بۇ زەھەرنى سۈرتۈپ تاشلىمىسا، مەلىكىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئېنىق؛ سۈرتۈپ تاشلاي دېسە، مەلىكىگە يېقىنلىشىش مۇمكىن ئەمەس.

قورۇقچى ئېتىكىدىن يىرتىپ بىر پارچە لاتا تەييارلاپ، ئۇنى مىلتىقنىڭ ئۇچىغا باغلاپتۇ ۋە شۇ لاتا بىلەن مەلىكىنىڭ كۆكرىكىگە تېمىپ قالغان يىلان زەھىرىنى سۈرتۈپ تاشلاپتۇ.

شۇ ئەسنادا، پادىشاھ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە قورۇقچىنىڭ مەلىكىنىڭ كارىۋىتى ئالدىدىن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە شۈبھە چۈشۈپتۇ، ۋۇجۇدى تىترەپ كېتىپتۇ. بىر ئاماللاپ يېڭى قورۇقچى كەلگۈچە چىداشلىق بېرىپتۇ. يېڭى قورۇقچى كەلگەندە:

— پەرمانىمنى تېزدىن ئورۇنداپ، شۇ زامان بېرىپ ئاكاڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەل! — دەپتۇ.

ئۇكىسى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قارىسا، ئاكىسى ناھايىتى خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان. «ئاكام بىرەر گۇناھ قىلغان بولسا، بۇنچە خاتىرجەم، بۇنچە تىنچ ئۇخلىمىغان بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ ۋە قۇرۇق قول پادىشاھنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ.

— ئاكاڭنىڭ بېشى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئالالمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قورۇقچى.

— نېمىشقا؟

— ئېسىمگە بىر ھېكايە كېلىپ قالدى. رۇخسەت قىلغان بولسىلا، ئاۋۋال شۇ ھېكايىنى ئېيتاي، ئاندىن خىزمەتلىرىنى ئورۇنداي.

— ئېيت، — دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇرۇن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ قورۇقچى، — ئۇۋغا ئامراق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر بۈركۈتى بار بولۇپ، سۇمۇرغنىمۇ تۇتۇۋالالايدىكەن. پادىشاھ بۇ بۈركۈتنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن. بىر كۈنى، پادىشاھ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر كېيىكنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەمما، ئۇ ھەرقانچە قوغلاپمۇ ئۇ كېيىكنى تۇتالماپتۇ. پادىشاھ ئۇزۇن قوغلاپ ھېرىپتۇ، چارچاپتۇ، تامىقى قۇرۇپ چاڭقاپتۇ.

پادىشاھ سايە ۋە سۇ ئىزدەپ ئەتراپنى كېزىپتۇ. بىر چاغدا، يىراقتا بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. پادىشاھ شۇ يەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. دەرەخ ئۈستىدە يوغان بىر يىلان بار بولۇپ، پادىشاھنى كۆرۈشى بىلەنلا زەھىرىنى ئاققۇزۇپتۇ.

پادىشاھ دەرەختىن تېمىۋاتقان زەھەرنى سۇ دەپ بىلىپ، بېلىدىكى جامنى ئېلىپ تامچىغا تۇتۇپتۇ. جام زەھەر بىلەن توشۇپتۇ. پادىشاھ جامنى لېۋىگە ئېلىپ بېرىشىغا، بۈركۈت قانىتى بىلەن ئۇرۇپ جامنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. پادىشاھ بۈركۈتتىن رەنجىپتۇ. پادىشاھ جامنى قايتا تامچىغا قويۇپ

تولدۇرۇپتۇ ۋە جامنى ئاغزىغا ئېلىشىغا، بۈركۈت جامنى يەنە ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن شاھ بۈركۈتنى يەرگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ خاس مۇلازىمى يېتىپ كېلىپ قارىسا، بۈركۈت ئۆلگەن، پادىشاھ ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالغان. ئۇ دەرھال جامنى ئېلىپ يۇيۇپ تازىلاپ، مۇزدەك سۇ قويۇپ پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ سۇنى ئىچىپ ھوشىغا كەپتۇ.

خاس مۇلازىم پادىشاھتىن بۈركۈتنى نېمىشقا ئۆلتۈرگەنلىكىنى سورىغانىكەن، پادىشاھ يۇقىرىدا بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

خاس مۇلازىم پادىشاھقا: «بۈركۈتنى بىكار ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىلا، قارىسىلا ئالىيلىرى، بۈركۈت ئۆزلىرىنى چوڭ بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. سىلى ئىچمەكچى بولغانلىرى سۇ ئەمەس، يىلاننىڭ زەھىرى ئىكەن» دەپتۇ.

پادىشاھ يىلاننى كۆرۈپ، ۋاپادار قۇشنى بىكاردىن ـ بىكار ئۆلتۈرگىنىگە پۇشايمان قىپتۇ، يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپتۇ، بىراق بۇنىڭ پايدىسى بولماپتۇ.

مەنمۇ ئاكامنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسەم، كېيىن پادىشاھ بۇ قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئەپسۇس ـ نادامەتنىڭ قىلچە پايدىسى بولماس، دەپ ئويلىدىم.

پادىشاھ بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ، جىمىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نۆۋىتى ئۆتۈپ، ئۈچىنچىسىنىڭ نۆۋىتى كەپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئىنىسىغىمۇ يۇقىرىقىدەك پەرماننى، يەنى ئۆز قېرىندىشىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

قورۇقچى ئاكىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، قارىسا ئاكىسى بەخىرامان ئۇخلاپ ياتقان. ئاكىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا قولى بارماپتۇ. قانداشلىق مېھرى ئۈستۈن كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ.

— نېمە قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭدىن.

— ئەي ئالەم پاناھ، پەرمانلىرىغا بىنائەن قېرىندىشىمنىڭ بېشىنى ئالماقچى بولۇۋىدىم، بىراق بىر ھېكايە ئېسىمگە كېلىپ قايتىپ كەلدىم. ئىجازەت بەرگەن بولسىلا، شۇنى ئېيتىپ بەرسەم، — دەپتۇ قورۇقچى.

— قېنى ئېيت، — دەپتۇ پادىشاھ.

— بىر ئاچچىقى يامان پادىشاھ بولغانىكەن، — دەپ سۆز باشلاپتۇ قورۇقچى، — خۇدا ئۇنىڭغا زادىلا بالا بەرمەپتۇ. كېيىن ۋاقتى ـ سائىتى كېلىپ ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ گۈزەل بىر بالا ئاتا قىپتۇ. بۇ بالىنىڭ كەلگۈسىدە ئۇلۇغ ۋە مەرىپەتلىك زات بولۇپ يېتىلىپ چىقىدىغانلىقى قىياپىتىدىن بىلىنىپ تۇرىدىكەن. پادىشاھ گۆدەكنىڭ بوي ـ بەستىنى كۆرۈپ، كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنى تەربىيەلەشنى ئەڭ ئاقىل، ئەڭ دانا كىشىلەرگە تاپشۇرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر سۆسىرى بار ئىكەن. شاھ بوش ۋاقىتلىرىدا شۇ سۆسەر بىلەن ئوينىشىشنى، ئۇنىڭ قىلىقلىرىنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ سۆسەر ھەمىشە شاھزادىنىڭ بۆشۈكى يېنىدا تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى ئېنىكئانا بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، تۇيۇقسىز بىر يىلان شىپتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ بۆشۈككە يېقىنلىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سۆسەر يىلانغا تاشلىنىپتۇ ۋە ئۇزاق

ئېلىشىپ يىلاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئېمىكئانا قايتىپ كېلىپ قارىسا، سۆسەرنىڭ ئاغزى قىپقىزىل قان تۇرغان. ئۇ نېرى - بېرى قارىماستىنلا «سۆسەر بالىنى يەپ قويۇپتۇ» دەپ ئويلاپ، داد سېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

پادىشاھ پەرزەنت داغىدا ئۆزىنى يوقىتىپ، قولىغا گۇرزىنى ئاپتۇ - دە، سۆسەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. كېيىن بۆشۈككە قارىسا، بالا تىنچ ئۇخلاپ ياتقان، بۆشۈك ئالدىدا يوغان بىر يىلاننىڭ ئۆلۈكى تۇرغان. شۇ چاغدىلا ئۇلار سۆسەرنىڭ يىلاننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلىشىپتۇ. پادىشاھ سۆسەردىن ئايرىلىپ قالغىنىغا كۆپ قايغۇرۇپتۇ، لېكىن بۇنىڭدىن نېمە پايدا بولسۇن. مەنمۇ شۇ پادىشاھقا ئوخشاش پۇشايمان قىلىپ قالماي دەپ، قېرىندىشىمنىڭ بېشىنى ئالماي كەلدىم.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان پادىشاھ قورۇقچىنىڭ ئاكىسىنى چاقىرىپ كېلىشكە رازىلىق بېرىپتۇ. ئاكىسى كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ سوراپتۇ:

— مەن كېچە سېنىڭ مەلىكىنىڭ كارىۋىتى يېنىدىن كېلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرگەنىدىم. ئەجەبا، سەن پادىشاھلارنىڭ غەزەپ ئوتىنىڭ كىچىككىنە شامالدىمۇ ئۆلغىيىپ يالقۇنغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ۋە يالقۇننى ھېچقانداق سۇنىڭ ئۆچۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟!

بۇنىڭغا جاۋابەن يىگىت مۇنداق دەپتۇ:

— ئىپپەت ۋە پاكلىقىم توپىلى خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدىم. ئىخلاسمەن قۇللىرىغا قارىتا پادىشاھنىڭ شۈبھە - گۇماندا بولۇشى ئورۇنسىزدۇر. ئەگەر بۇنىڭغا ئىسپات كېرەك بولسا، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا قارىغايلا، شۇ چاغدا مېنىڭ پادىشاھقا نەقەدەر سادىقلىقىم ئايان بولىدۇ.

پادىشاھ كارىۋات ئاستىدىكى يىلاننى كۆرۈپتۇ - دە، شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان قورۇقچىسىنىڭ ساداقىتىگە قايىل بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ.

بۇ ھېكايىدىن خۇلاسە شۇكى، ھەرقانداق ئىشتا ئويلىنىش، سەۋرچان ۋە چىدامچانلىق بولۇش كېرەك. سەۋرسىزلىك، ئالدىراقسانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھەمىشە پۇشايمانلىقتۇر.

※ ※ ※

نۇشىرۋاننىڭ ئەقلى زاكاۋەتلىك بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. ئۇ ۋەزىر بىر ئەمىرنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىكەن. بۇ ئەمىرنىڭ ئېيتقىنى ئېيتقان، قىلغىنى قىلغانىكەن. بىر كۈنى، شۇ ئەمىرنىڭ پۇقرالىرىدىن بىرنەچچەيلەن نۇشىرۋاننىڭ ھۇزۇرىغا شىكايەت قىلىپ كەپتۇ ۋە:

— سىلىنىڭ ئەمىرلىرى بىزگە ھەددىدىن زىيادە جەبىر - زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، ھە دېسىلا بىزگە ئالۋان سالىدۇ، — دەپتۇ.

نۇشىرۋان نۆكەرلەرگە ئۇ ئەمىرنى سارايغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ، بىراق ئەمىر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان ۋەزىرنى چاقىرىپ، ئۇنى جازالاپتۇ.

بۇ ئىشتىن ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ:

— شەھرىيارى ئالەم، گۇناھكار ئەمىر تۇرسا، نېمىشقا ۋەزىرگە جازا بېرىدىلا؟ — دېسە، نۇشىرۋان:

— بۇ ۋەزىر زۇلۇمكار ئەمىرنى بىزگە يېقىن قىلغانىدى. مۇسانىڭ ئەلىمىنى ئىيسادىن ئالماق، دەپ شۇنىڭغا ئېيتىلغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

※ ※ ※

ناھايىتى ئۇستا بىر ئالتۇنچى (سەرراپ) ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇنى خەزىنىسىدىكى دۇر – گۆھەرلەرنىڭ ساپ – تازىلىقىنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن چاقىرتىپتۇ. ئالتۇنچى يول تەرەددۇتىغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى ھامىلىدار ئىكەن. ئۇ ماڭار چاغدا خوتۇنىغا:

— ئەگەر ئوغۇل تۇغساڭ، ياخشى نىيەت بىلەن ئېتىنى روزبېھ قوي؛ ناۋادا قىز تۇغۇلسا، ئىختىيار ئۆزۈڭدە، كۆڭلۈڭگە ياققىنىنى قوي، — دەپتۇ.

ئالتۇنچى مېڭىپ ئۇزاق ئۆتمەي خوتۇنىنىڭ ۋاقتى – سائىتى توشۇپ قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بىرىگە روزبېھ، ئىككىنچىسىگە بېھروز دەپ ئات قويۇپتۇ.

ئالتۇنچى بىر يىل پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بوپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭغا كۈندە خەت يېزىپ، ئۆزى ۋە باللىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ئالتۇنچى خوتۇن – باللىرىنى سېغىنىپتۇ. ئۇ پادىشاھتىن باللىرىنى كۆرۈپ كېلىشكە رۇخسەت سورىغانىكەن، ئىجازەت بەرمەپتۇ.

— بىرەر ئىشەنچلىك ئادىمىڭ بولسا ئەۋەتكىن، بالا – چاقىلىرىڭنى ئېلىپ كەلسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئالتۇنچى «يەنە ئازراق چىداي، ئۆي – جاينى زۇرۇرىيەتسىز تاشلاپ كېلىش ئەقىلدىن ئەمەس» دەپ ئويلاپ، يەنە بىر يىل سەۋر قىپتۇ. پادىشاھ يەنە رۇخسەت بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپتۇ. باللىرىنىڭ خەت – ساۋاتى چىقىپ، ئەدەپ – ئەخلاقلىق چوڭ بوپتۇ.

ئالتۇنچى بالا – چاقىلىرىنى بەكمۇ سېغىنىپتۇ، پادىشاھ ئىجازەت بەرمىگەچكە، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئالتۇنچىنىڭ خوتۇن – باللىرى يول ھازىرلىقىنى قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئالتۇنچى ئىشلەۋاتقان ئۆلكىگە يېتىپ كېلەي دېگەندە بىر دەرياغا ئۇچراپتۇ. باللار سۇ بويىغا بېرىپ ئويناپتۇ.

ئۇ كۈنى ئالتۇنچىمۇ دەريا بويىنى ئايلىنىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ باللىرىنى كۆرگەن بولسىمۇ، تونىماپتۇ. ئالتۇنچى سۇ بويىدا تاھارەت ئېلىۋېتىپ ھەميىنىنى يەرگە قويۇپ، نېرىراقتا بېرىپ ناماز ئوقۇپتۇ. قايتىپ كېلىپ قارىسا، ھەميىنى يوق تۇرغۇدەك، ئۇ ھېلىقى باللاردىن:

— بۇ يەرگە ھەميىنىمنى قويۇپ قويغانىدىم، كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆرمىدۇق، — دېيىشىپتۇ باللار.

— سۇ بويىدا سىلەردىن باشقا ھېچكىم بولمىسا، ھەميانىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، بولمىسا ئەدىپىڭلارنى بېرىمەن، — دەپتۇ ئالتۇنچى.

باللار ھەميانىنى راستىنلا كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنكار قىلىشىپتۇ.

ئالتۇنچى ئاچچىقى يامان ئادەم ئىكەن، ئۇ ئىشنىڭ نېرى – بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ھېلىقى ئىككى بالىنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

بىر چاغدا باللارنىڭ ئانىسى يېتىپ كەپتۇ.

— باللىرىم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئاتا.

— سۇ بويىغا ئوينىغىلى كەتكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوتۇنى.

ئالتۇنچى باللىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى خوتۇنىدىن ئاڭلاپ ياقىسىنى چاك ئېتىپ، داد – پەرياد

كۆتۈرۈپتۇ. باللىرىنىڭ پىراقىدا ئۆزاق يىغلاپتۇ ۋە دەپتۇ:

— مەن بۇ يەرگە باللىرىمنى دەپ كەلگەنىدىم، ئەمدى ئۇلارنى يوقىتىپ قويدۇم، ياخشىسى، بۇ يەردىن كېتەي.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، سارايغا بارماي باشقا يۇرتقا قاراپ يول ئاپتۇ.

دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن باللار دەريادا ئېقىپ ئىككىسى ئىككى جايغا چىقىپ قاپتۇ.

شۇ شەھەرنىڭ پادشاھى ئوۋغا چىققانىكەن، قارىسا، چىرايلىق بىر بالا سۇ بويىدا مادارسىز ياتقان.

— كىمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بالىدىن.

بالا بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادشاھ بالىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېھروز، — دەپتۇ بالا.

— ھەم، ئېتىڭنى ياقتۇرۇپ قالدىم، سېنى ئوغۇل قىلىۋالاي، — دەپتۇ پادشاھ ۋە ئۇنى ئۆز سارىيىغا ئېلىپ كېتىپتۇ.

باللارنىڭ ئىككىنچىسى روزبېھنى يول توسارلار تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنى ساتماقچى بولۇپ شەھەرگە ئېلىپ بېرىشىپتۇ. شۇ كۈنى ئالتۇنچىمۇ شەھەرگە كىرگەنىكەن. ئۇنىڭ ئاتىلىق مېھرى جۇش ئۇرۇپ ھېلىقى بالىنى سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئانا ئۆز بالىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئالتۇنچىغا:

— ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ! — دەپتۇ.

ئالتۇنچى بىر بالىسىنى تېپىۋالغىنىدىن خۇش بولۇپ:

— بىر بالامنى تاپتىم، شۇنىڭ شادىيانىسىگە پادشاھ خىزمىتىگە قايتا بارسام، ساۋابلىق ئىش قىلغان بولىمەن، — دەپتۇ - دە، پادشاھ ئالدىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادشاھ ئالتۇنچىنى تارتۇقلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۇرۇپتۇ.

ئالتۇنچى ئۆز ئىلمىنى ئوغلىغا ئۆگىتىپتۇ، بۇ ھۈنەرنىڭ ئەلمى - تەلمىدىن بالىسىنى ۋاقىپلاندۇرۇپتۇ. روزبېھنىڭ ئىلمى كامالىغا يەتكەندىن كېيىن، ئاتىسى دەسمايە سېلىپ، ئۇنى سودىگەرلىككە ساپتۇ. روزبېھ ئۈيلىمىغان يەردىن بېھروز ياشاۋاتقان شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادشاھى ۋاپات بولغانلىقتىن بېھروز ۋەلىئەھد دەپ ئېلان قىلىنغانىكەن.

بېھروزنىڭ پادشاھلىقىدا پۇقرالار خاتىرجەم ياشايدىكەن. روزبېھ ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ، لېكىن ئۇلار بىر - بىرىنى تونۇيالماپتۇ. پادشاھ ئۇنى ئوبدان مېھمان قىلىپ، ئېلىپ كەلگەن دۇر - گۆھەرلىرىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋاپتۇ. روزبېھ زور پايدىغا ئېرىشىپتۇ.

پادشاھ روزبېھقا قېشىدا تۇرۇپ قېلىش توغرىسىدا تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن كېرەكلىك ھەممە ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ.

روزبېھ دەپتۇ:

— شاھ خىزمىتىنى قىلىش بىز پۇقرالارغا ۋاجىپتۇر، ئەمما بىر ئىش توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، ئاتا - ئانام ماڭا قاراشلىق بولۇپ قالغان، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماق مەن ئۈچۈن ھەم پەرز، ھەم قەرزدۇر. ئەگەر شۇ خىزمەت زىممەمدە بولمىغان بولسا، ئالىيلىرىغا جان - دىلىم بىلەن خىزمەت قىلاتتىم.

بۇنىڭغا جاۋابەن پادشاھ:

— ئاتا - ئاناڭغا خەت ياز، ئۇلار بۇ يەرگە كەلسۇن، — دەپتۇ.

روزبېھ خەت يېزىپ ئات - ئانىسىنى چاقىرتىپتۇ، ئۆزى پادىشاھ خىزمىتىدە بوپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي دۈشمەن لەشكەرلىرى بېھروزنىڭ مەملىكىتىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. پادىشاھ ئەسكەرلىرى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلغىلى ئالدىنقى سەپكە كېتىپتۇ. سارايى بوش قاپتۇ.

بىر كېچىسى، بېھروز روزبېھنى چاقىرتىپتۇ. ئۇلار خېلى كەچكىچە ئولتۇرۇپتۇ. بېھروز ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. روزبېھ: «بۇ كېچە قوروقچىلار يوق، ياخشىسى ئەزان توۋلىغۇچە ئۇخلىماي قوروقچىلىق قىلاي» دەپ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ شاھنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. شاھ ئەۋەتكەن قوشۇن دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي قايتىپ كەپتۇ. بەزى سەركەردىلەر شاھقا ئادەم ئەۋەتىپ «ئۆز غېمىڭىزنى ئۆزىڭىز يەڭ» دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. قوشۇن سەركەردىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ قارىسا، شاھ ئۇيقۇدا بولۇپ، روزبېھ ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تۇرغان. ئۇلار روزبېھ پادىشاھقا قەست قىلماقچى دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپتۇ. بېھروز ئويغانغاندا، ئۇنىڭغا ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىشىپتۇ.

پادىشاھ روزبېھقا دەپتۇ:

— مەن سىزگە نېمە يامانلىق قىلدىم، ئەجەبا بۇ ئىشنى ماڭا راۋا كۆرۈپسىز؟

روزبېھ دەپتۇ:

— پادىشاھىمنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولغاي، بۇ كېچە قوروقچىلار يوق ئىدى، شاھىمغا بىرەر خەۋپ يېتىپ قالمىسۇن دەپ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقتىم. ھەسەتچىلەرنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىغايلا !

— بۇنى زىندانغا تاشلاڭلار ! — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ئۆزى جەڭگە ئاتلىنىپ، ياۋنى يېڭىپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپ قارىسا، روزبېھنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ يېتىپ كېلىشكەنىكەن. ئۇلار ئوغلىنىڭ زىندانغا تاشلانغىنىدىن خەۋەر تېپىپ پادىشاھقا:

— ئەي ئادىل شاھ، بىزلەركى ئاجىز - بىچارىلەر ھوزۇرلىرىغا پاناھلىق تىلەپ كەلگەنىدۇق. ئىككى بالىمىز بار بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى روزبېھ، ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى بېھروز ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدۇق، يەنى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى. قانچىلىگەن رەنج - ئەلەمدىن كېيىن تەڭرىمىز روزبېھنى قايتۇرۇپ بەردى، ئەمما ئىككىنچى ئوغلىمىزنىڭ ئىز - دېرىكى يوق. بۇ يەرگە كەلسەك، پادىشاھ ئوغلىمىزنى ھەپسىگە ئاپتۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەر گۇناھ سادىر بولغان بولسا، بىز بىچارىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ كەچۈرۈشلىرىنى سورايمىز. شۇنداق بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى دۇئا قىلىمىز، — دەپ نامە يېزىپتۇ.

بېھروز نامىنى ئوقۇپ، كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپتۇ ۋە شۇ زامان تەختتىن چۈشۈپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ.

— سىلەرنىڭ بېھروزىڭلار مەن بولىمەن، زىنداندا ياتقىنى مېنىڭ قېرىندىشىم بولىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ شۇ ھامان كىشى ئەۋەتىپ، روزبېھنى زىنداندىن ئېلىپ كەپتۇ. ئانىسىنى كاتتا سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەم بولۇپ كۆڭۈللىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشۈپتۇ.

مەلۇم بولسۇنكى، بۇ ۋەقە سەۋرسىزلىك ۋە ئالدىراقسانلىقنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. مۇبادا، ئالتۇنچى نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، بالىلىرىنى سۇغا تاشلىمىغان بولسا، بېشىغا شۇنچىلىك كۈلپەتلەر چۈشمىگەن بولاتتى؛ ئەگەر، بېھروز غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ روزبېھنى ئۆلتۈرگەن

بولسا، پۇشايمانلىق ئىلكىدە ئۆمۈر بويى ئازابلانغان بولاتتى.
ئاقىللارغا ئايان بولغايكى، بىرى ئالدىراڭغۇلۇق، سەۋرسىزلىك ئاقىۋىتىدە شۇنچە رەنج ۋە ئەلەم تارتتى؛ ئىككىنچىسى چىدام ۋە سەۋر نەتىجىسىدە ئۆز مۇرادىغا يەتتى.

※ ※ ※

بىر ساددا ئادەم باغداد كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ئېشەك مىنىپ كېتىۋاتقان بولۇپ، كەينىدىن بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان ئۆچكىسى قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ كېلىۋاتقانىكەن، ئۈچ ئوغرى ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ -دە، ئۇلاردىن بىرى:
— مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا، بۇ كىشىنىڭ ئۆچكىسىنى ئوغرىلاپ كېلىمەن، — دەپتۇ.
— ئەگەر سەن شۇ ئىشنى قىلالىساڭ، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — مەن ئۇنىڭ ئېشىكىنى ئوغرىلاپ كېلىمەن.
— بۇ قانچىلىك ئىشتى، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى، — مەن ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى تونىنى ئوغرىلاپ كېلىمەن.
ئوغرىلارنىڭ بىرىنچىسى شۇ ھامان ھېلىقى ساددا كىشىنىڭ كەينىگە چۈشۈپتۇ ۋە قولاي پۇرسەتتە ئۆچكىنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراقنى يېشىپ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇپتۇ.
ئېشەك قۇيرۇقىنى قىمىرلاتقانسېرى قوڭغۇراق جىرىڭلاۋېرىپتۇ. ساددا ئادەم «ئۆچكەم كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، بىمالال كېتىۋېرىپتۇ.
ئىككىنچى ئوغرى بىر تار كوچىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇۋېلىپ:
— دۇنيادا شۇنداقمۇ سادا ئادەملەر بار ئىكەن، — ھەممە كىشى قوڭغۇراقنى ئېشەكنىڭ بويىنىغا ئاسسا، بۇ ئادەم ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىپتۇ، — دەپتۇ.
سادا ئادەم قارىسا، ئۆچكىسى يوق تۇرغۇدەك.
— ئۆچكەمنى كىم ئوغرىلىدى؟ — دەپ دادلاپتۇ.
ئوغرى ئۇنىڭغا:
— ھېلىلا بىر كىشىنىڭ مانا مۇشۇ تار كوچىدىن ئۆچكە يېتىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم، — دەپتۇ.
سادا كىشى ئۇنىڭغا:
— ھەي بۇرادەر، خۇدايىم ئۆمرۈڭنى ئۇزاق قىلغاي، ئېشىكىمگە بىرپەس قاراپ تۇرغان بولساڭ، مەن ئۆچكەمنى تېپىپ كېلەي، — دەپتۇ.
— بولىدۇ، — دەپتۇ ئوغرى، — لېكىن تېزرەك كېلەرسەن. مەن مەسچىتنىڭ مەزىنى بولىمەن، ئۇزاق ساقلىيالمايمەن.
سادا كىشى كۆزدىن غايىب بولۇشى بىلەن، ئوغرى ئېشەكنى ئېلىپ قېچىپتۇ.
ئوغرىلارنىڭ ئۈچىنچىسى بىر قۇدۇقنىڭ بېشىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆچكىسى بىلەن ئېشىكىدىن ئايرىلىپ قالغان سادا ئادەمنى كۆرۈشى بىلەنلا، داد سېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. سادا كىشى بۇ ھالنى كۆرۈپ:
— ھەي ئاغىنە، ساڭا نېمە بولدى؟ مېنىڭ ئۆچكەم بىلەن ئېشىكىمنى ئوغرى ئالسا، سەن نېمە دادلايسەن؟ — دەپتۇ.
— قولۇمدىكى دۇر - گۆھەرلەر سېلىنغان قۇتام قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى، مەن قۇدۇققا چۈشەلمەيۋاتىمەن. ئەگەر قۇتامنى ئېلىپ چىقىپ بەرسەڭ، ساڭا ئون دىنار بېرىمەن، — دەپتۇ ئوغرى.

ساددا كىشى تونىنى يېشىپ، قودۇققا چۈشۈپتۇ. ئوغرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تونىنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

ساددا كىشى قودۇقتا تۇرۇپ «بۇ يەردە ھېچ نەرسە يوققۇ» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەمما، ھېچقانداق جاۋاب بولماپتۇ. قودۇقتىن چىقىپ قارىسا، ھېلىقى كىشىدىن نام ـ نىشان يوق.

ساددا ئادەم ئىككى تال تاياقنى ئېلىپ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ:

ـــ ھەي ئاغىنە، ساڭا جىن چاپلىشىپ قالمىغاندۇ، نېمىگە بىكاردىن ـ بىكار تاياقلارنى شاراقلىتىپ ئولتۇرۇۋېرىسەن؟ ـــ دەپ سوراشقانىكەن، ساددا كىشى:

ـــ نېمە قىلاتتىم، ئوغرىلار مېنىمۇ ئوغرىلاپ كەتمىسۇن دەپ، ئېھتىيات چارىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، ـــ دەپتۇ.

## فەخرىددىن ئەلى سەفىي

فەخرىددىن ئەلى سەفىي (تەخەللۇسى سەفىي) مىلادىيە 1463 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سەبزەۋاردا ھۇسەيىن ۋائىزكاشىفىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ چوڭ ئەدەبىي ئىلمىي مۇھىتتا چوڭ بولغان بولۇپ، ئاتىسى ئۇنىڭغا ياخشى مەلۇمات بېرىشكە تىرىشقان. شۇڭا، ئەلى سەفىي ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك ئەدىبى، ھەممە ئىلىملەردىن خەۋەردار كامىل كىشى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ پارسچە ئون پارچىغا يېقىن ئەسەر يازغان بولۇپ، «رەشاھات ئەينەل ـ ھەيات» (ئابىھايات تامچىلىرى)، «لەتائىفۇت ـ تەۋايىف» (تۈرلۈك تائىپىلەر لەتىپىلىرى)، «ئەنىسۇل ـ ئارىفىن فىل مەۋائىز» (دانالارنىڭ نۇتۇق پەيتىدىكى دوستى)، «ھىرزۇل ـ ئەمان مىن فىتەن ئىز ـ زەمان» (زامان پىتنىلىرىدىن ساقلىغۇچى تۇمار)، «كەشفۇل ـ ئەسرار» (سىرلار كەشپى) ئەسەرلىرى ۋە «مەھمۇد ۋە ئەياز» ناملىق لىرىك داستانى شۇلار جۈملىسىدىندۇر. ئۇ يەنە شەھابۇددىن سۇھرىۋەردىينىڭ «ئۇيۇنەل ـ ھەقايىق ۋە ئىزاھەت ـ تەرائىق» (ھەقىقەتلەر بۇلىقى ۋە تەرىقەتلەر ئىزاھى) ناملىق ئەسىرىنى ئەرەبچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلغان.

فەخرىددىن ئەلى سەفىي 1532 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

تۆۋەندە ئۇنىڭ «لەتائىفۇت ـ تەۋايىف» (تۈرلۈك تائىپىلەرنىڭ لەتىپىلىرى) ئەسىرىدىن ئۈلگىلەر بېرىلدى.

※ ※ ※

بىر ئادەتتىكىچە شائىر شېئىرىنى ئابدۇراخمان جامىيغا ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن:

ـــ داڭقى چىقىرىش ئۈچۈن بۇ شېئىرىمنى شەھەر قوۋۇقىغا ئېسىپ قويىماي دەيمەن، جانابلىرى نېمە دەركىن؟ ـــ دەپتىكەن، جامىي:

ـــ بەلەن ئىش بولغۇدەك. ئۇنداقتا، بۇ شېئىرىڭىزنىڭ يېنىغا ئۆزىڭىزنىمۇ ئېسىپ قويايلى. بولمىسا، كىشىلەر بۇ شېئىرنى سىزنىڭ يازغانلىقىڭىزنى قانداق بىلسۇن ! ـــ دەپتۇ.

※ ※ ※

بىر چاقچاقچان شائىر ئابدۇراخمان جامىيغا دەپتۇ:

— مەككىگە بارغانىدىم، تەۋەررۇك بولسۇن دەپ شېئىر دىۋانىمنى ھەجەرۇل ئەسۋەد (مۇقەددەس قارا تاش)كە سۈرتۈۋالدىم.

— ھەي، ئەپسۇس، — دەپتۇ جامىي، — يېڭىلىشىپسەن، ئەسلىدە زەمزەم سۇيىگە چىلاپ، يۇيۇپ كەلگەن بولساڭ ياخشىراق بولاتتى.

※ ※ ※

كەمال خوجەندىي ئۆز شېئىرلىرىدا «ئىت» دېگەن سۆزنى، ھەسەن دېھلەۋىي «دىلئارامىم» دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلىتىدىكەن. بىر كىشى بۇ ئىككى شائىرنىڭ دىۋانلىرىنى بىر جىلدقا سېلىپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ كېتىۋاتقانىكەن، بىر شائىر:

— ھەي بۇرادەر، بۇ ئىككى دىۋاننى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىۋەتكىن. بولمىسا، كەمال خوجەندىينىڭ ئىتلىرى ھەسەن دېھلەۋىينىڭ دىلئارامىنى يەۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

※ ※ ※

توغۇم تەبىئەتلىك بولسىمۇ، شائىرلىق دەۋاسى قىلىدىغان بىر شاھزادە جامىينىڭ بىر غەزىلىگە نەزىرە يېزىپ، ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن:

بەسكى دەرجانى فىگارۇ چەشمى بىدارەم تۆئى،
ھەركى پەيدا مېشەۋەد ئەز دۇر پىندارەم تۆئى.

يەنى ئەبگار بولغان جېنىم بىلەن ئۇيقۇسىز كۆزۈمدىن زادىلا كەتمەيدىغانلىقىڭ ئۈچۈن، يىراقتىن كىمنىلا كۆرسەم، ئۇنى سەن دەپ ئويلايمەن، دەپ يېزىپتۇ.

— ئەگەر كۆزلىرىگە ئېشەك ياكى سىيىر كۆرۈنسىچۇ؟ — دېگەنىكەن، جامىي:

— بەرىبىر، قايسىسىلا كۆرۈنسە، ئۇنى سەن دەپ ئويلايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

※ ※ ※

بىر شائىر بىر پىخسىق باينى ماختاپ قەسىدە يېزىپ، ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەن بولسىمۇ، باي ھېچقانداق ئىلتىپات كۆرسەتمەپتۇ؛ شائىر يەنە ئىنئام كۈتۈپ قىتئە يېزىپتۇ. بايدىن يەنە سادا چىقماپتۇ؛ ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلەنگەن شائىر باي توغرىسىدا ھەجۋىي شېئىر يېزىپتۇ. باي بۇ قېتىممۇ ئىلتىپات كۆرسەتمەپتۇ. ئىلاجسىز قالغان شائىر باينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېپتۇ. باي تاشقىرىغا چىقىپ قارىسا، شائىر بوسۇغا ئالدىدا خاتىرجەم ئولتۇرغان.

— ھەي، ئۇياتسىز مەخلۇق، — دەپتۇ باي، — ماختىدىڭ، ئۈندىمىدىم؛ تەمە قىلىپ قەسىدە يازدىڭ، پەرۋا قىلمىدىم؛ ھەجۋىي شېئىر يازدىڭ، ئۆزۈمنى بىلمەسكە سالدىم. ئەمدى نېمە غەرەزدە ئىشىكىم ئالدىدا ئولتۇرىسەن؟

— ئۆلسەڭ، بىرەر مەرسىيەنى بولسىمۇ يازاي، دېگەن ئۈمىدتە ئولتۇرۇۋېتىمەن ! — دەپتۇ شائىر.




پۈتكۈل ئەدەبىيات تارىخى ئەمەلىيەتتە تىلنىڭ چەكسىز ئىمكانىيەتلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىشى بىلەن چەكلىنىشى ئوتتۇرىسىدىكى سانسىز قېتىملىق توقۇنۇش ۋە توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىش چارىلىرىدىن ئىبارەت بولغان خىلمۇخىل قىممەت ئەندىزىلىرىنىڭ تۇرغۇزۇلۇش ۋە ئاغدۇرۇلۇش تارىخىدۇر.

بىر ئەدىب قولىغا تىكەن كىرىپ كەتكەن چاغدىكى ئاغرىق ئازابىنى ھەرقانچە تەسۋىرلىسىمۇ، ئۇنى ئوقۇغان كىتابخانلاردا ئۇلارنىڭمۇ قولىغا تىكەن كىرىپ كەتكەندەك ئاغرىق ئازابى پەيدا قىلالىشى ناتايىن. مانا بۇ كىشىلەردە تىلنىڭ ئىمكانىيىتىگە بولغان ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىپ، رېئاللىقنى ئىپادىلەشنىڭ مۇمكىنچىلىكىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. تىلنىڭ رېئاللىقنى ئۆز ئەينى كۆرسىتەلمىگىنى ئەمەلىيەت، لېكىن بۇ تىلنىڭ چەكسىز ئىمكانىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپتىن ئالدى بىلەن ھېچكىممۇ رېئاللىقنىڭ چىن ئىكەنلىكىگە ھۆددە قىلالمايدۇ، سەۋەب شۇكى ئۆزىڭىز بىۋاسىتە تەجرىبە قىلغاندىن باشقا، رېئاللىق ھەققىدىكى ئۇچۇرنىڭ ھەممىسى سىزگىمۇ تىل ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ، شۇنداقلا سىزمۇ ئۆزىڭىز بىۋاسىتە تەجرىبە قىلغان رېئاللىقنى باشقىلارغا تىل ئارقىلىق يەتكۈزىسىز. ئىككىنچىدىن، بىزگە يېتىپ كەلگەن رېئاللىق ھامان ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىمىزنىڭ ئەگلىكىدە بىر قېتىم تاسقىلىپ ئۆتىدۇ. بىر ئەدىبنىڭ قولىغا تىكەن كىرىپ كەتكەن چاغدىكى ئاغرىق ئازابى ھەققىدىكى تەسۋىرى پەقەت كىتابخانلاردا ئۆزىنىڭمۇ قولىغا تىكەن كىرىپ كەتكەن كەچۈرمىشىنى ئەسلىتىش ئارقىلىقلا، مەلۇم روھىي ئۈنۈم پەيدا قىلالايدۇ. ئۇنداقتا ئۇرۇشتا بەدىنىگە ئوق تېگىپ كەتكەنلەر تەسۋىرلەنسە تىنچلىق شارائىتىدا ياشاپ كېلىۋاتقان، ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرمىگەن كىشىلەر قانداق چۈشىنىدۇ؟ بەدىنىگە ئوق تەگكەن تەسۋىرنى بەدىنىگە ئوق كىرىپ باقمىغان ئادەمنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنەلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئوق كىرگەندە پەيدا بولغان ئاغرىقنى بەدىنىگە تىكەن كىرگەندە پەيدا بولغان ئاغرىق ياكى قولىنى پىچاق كېسىۋەتكەندە پەيدا بولغان ئاغرىق بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. دېمەك تىل پەيدا قىلىدىغان ئۈنۈم داۋاملىق تىل ئۇچۇرىنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، مەلۇم نەرسىنى تىل بىلەن ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمىگە ئېرىشىش پەقەت تىل ئۇچۇرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىغىلا باغلىق بولۇپ قالماي، يەنە تىل ئۇچۇرىنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىگىمۇ باغلىق.

تىلدا رېئاللىقنى ئەسلىي قىياپىتى بويىچە قايتا تەجرىبە قىلىشنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ھەرگىزمۇ

تىلنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، مەلۇم دەرىجىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن توختاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ.

ئاھ ئوتىدىن تولدى ئالەم، بولماسا يوق ئېردى ئوت،
كۆز ياشىم تا قويمادىم ھەجرىڭدە دەريا بولمادى.

— قەلەندەر

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى:

ئەسلىدە دۇنيادا ئوت يوق ئىدى، ئاھلىرىم ئوتىدىن ئالەم ئوتقا تولدى،
جۇدالىقتا كۆز ياشلىرىمنى تۆكمىگەن بولسام دەريامۇ بولماس ئىدى.

قەلەندەر تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ قەلىمىدىكى بۇ ئىككى مىسرادىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل ئىنسان روھى بىلەن كائىنات روھىنىڭ بىرلىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت ھالەت پەقەت تىلنىڭ چەكسىز ئىمكانىيەتلىرى ئىچىدىلا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ پەقەتلا بىر خىل روھىي تەجرىبە بولۇپ، ئوخشاشلا ئۇنىڭ ماددىي ھالىتىنى رېئاللىقىمىزدىن تاپالمايمىز.

ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ يالغان سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى يالغان دېمەك مەۋجۇت بولمىغان نەرسىنى ئېيتىش دېمەكتۇر، مەۋجۇت بولمىغان نەرسىنى ئىنسانلار كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئىجاد قىلىنمىغان، شۇڭا ئۇنى ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنداقتا يالغان سۆز قانداق پەيدا بولىدۇ؟

يالغان سۆز مەلۇم بىر خىل تەجرىبىنى يەنە بىر خىل تەجرىبە بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزى بىلەن ئادەمنىڭ بېشىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق رېئال دۇنيادا مەۋجۇت بولمىغان، پەقەت ئىدېئال دۇنيادىكى بىر مەخلۇقنى تەسۋىرلەش مۇمكىن. دېمەك، تىلنىڭ تۈپكى گىرامماتىكىسىنى بۇزمىغان ھالدا، سۆزلەرنى بىر - بىرىگە خالىغانچە ئۇلاش مۇمكىن. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋائىي، سوپى ئاللاھيار ۋە بابا رەھىم مەشرەبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە دائىم ئۇچرايدىغان گۈليۈز دېگەن سۆزدە ئۇسۇملۈكتىن ئىبارەت بىر مەۋجۇتلۇق بولغان گۈل بىلەن ئادەم تېنىنىڭ بىر بۆلىكى بىر - بىرىگە بىرلەشتۈرۈلگەن. ئەمەلىيەتتە تىلدىن باشقا شارائىتتا ئۇنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، تىلدىكى بۇ ئىمكانىيەت يەنە تەسەۋۋۇردىمۇ تامامەن باشقىچە بولغان يەنە بىر خىل ئىمكانىيەتكە يول ئاچىدۇ. بۇ سۆز سانسىزلىغان ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدا سانسىز كارتىنىنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز بۇنى ئاخىرقى شەكىلدە دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز ۋە بۇ شەكىلنى بېكىتىپ بېرەلمەيمىز.

ئەپلاتوننىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا گۈليۈز دېگەن سۆزنى ئېيتقىلى بولغانىكەن، ئۇ رېئاللىقتا مەۋجۇت. رېئاللىقتا ئۇسۇملۈك تېنى بىلەن ئادەم تېنى بىرلەشكەن ھالەتتە ئەمەس، بەلكى سانسىزلىغان گۈزەل ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنىڭ تۇراقلاشمىغان، ماددىيلاشمىغان، ئابستراكت ھالىتى شەكىلدە ياكى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان پىسخىك تەجرىبە شەكىلدە مەۋجۇت، شۇنداقلا چىن.

تىلنىڭ چەكسىز ئىمكانىيەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىل بىلەن رېئاللىق تامامەن مۇستەقىل ئىككى سىستېما بولۇپ، تىل رېئاللىق بىلەن كىشىلەرنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ مەلۇم مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن باشقا چاغلاردا ئاساسەن ئۆز فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن ئۆز ـ ئۆزىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. تىلنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پەقەت تىل ئۇچۇرى بەرگۈچى بىلەن تىلنىڭ ئۇچۇرىنى قوبۇل قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم پەيدا قىلغان. ئەگەر تىل ئۇچۇرى بەرگۈچى بىلەن تىلنىڭ ئۇچۇرىنى قوبۇل قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق كېلىشىم بولمىسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، بۇ يەردە تىل، رېئاللىق ۋە تىلنىڭ ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولىدۇ.

بەزىدە تىل يارلتقان ئىمكانىيەت كىشىلەردە ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى تىل ئارقىلىق قولغا تىكەن كىرگەن تۇيغۇنى تەسۋىرلەپ كىتابخاندا ئاغرىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغىلى بولمىغىنى بىلەن، تىل ئارقىلىق ھەممە نەرسىنى دېگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋائىي «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا خۇسراۋنى سۇپەتلىگەندەك پادىشاھنىمۇ ئۇ خالىمايدىغان شەكىلدە سۇپەتلىگىلى، خۇددى مەشرەبنىڭ موللا بازار دىۋانە رادىپلىق غەزىلىدىكىگە ئوخشاش بىر دىۋانىنىمۇ مەدھىيە سۆزلىرى بىلەن سۇپەتلىگىلى بولىدۇ. مانا بۇ خىل ئىمكانىيەت داۋاملىق بەزىلەردە تىزگىنلەش ئۇرۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزىدە مەلۇم ئىدېئولوگىيە ئۇنى تىزگىنلەش كويىدا بولسا، بەزىدە مەلۇم كىشىلەر توپى ئۇنى تىزگىنلەش كويىدا بولىدۇ. بەزىدە ئۇ ئىدېئولوگىيە ياكى توپلارنىڭ تىزگىنلىشىگە ئەمەس، شائىرنىڭ تىزگىنلىشىگىمۇ بويسۇنماستىن، مەنسۇر ھەللاج ۋە شا مەشرەبنى دار ئاستىغا ئېلىپ بارغاندەك كىشىلەرنى تراگېدىيەلىك قىسمەتكە دۇچارمۇ قىلىدۇ.

ياكى تامامەن تىزگىنلىنىپ شېئىرنىڭ پاجىئەسى بىلەن تۈگەللەنگۈچە، ياكى تامامەن تىزگىنسىز بولۇپ شائىرنىڭ پاجىئەسى بىلەن تۈگەللەنگۈچە، داۋاملىق مەدەنىيەتتىكى ئوخشاشمىغان ئۈچ خىل قىممەت ئەندىزىسى تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان، لېكىن دەردمەن ھەم ئۇۋالچىلىقلارغا تولغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنىمۇ شۇنداق ئۈچ خىل ئاساسىي قىممەت ئەندىزىسى بىلەن كۆزىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى، ئاساسىي ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئىجتىمائىيلىقنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلغان، قىممىتى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي نىقاب سەۋەبىدىن ياقتۇرۇشى، قورال بىلىشى سەۋەبىدىن كەڭ تارقىلىشى بىلەن ۋە خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلىنغان ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئۆلچىنىدىغان قىممەت ئەندىزىسىدۇر. بۇنىڭ ئىككىنچى بىرى، چوڭقۇر تەپەككۇرغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ساپ ۋە يۈكسەكلىكىنى ئاساس قىلغان، قىممىتى ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، كىشىلەرنى تەپەككۇر ئىمكانىيىتى ۋە تەپەككۇر گۈزەللىكى بىلەن شادلاندۇرۇشى بىلەن ئۆلچىنىدىغان قىممەت ئەندىزىسىدۇر. بۇنىڭ ئۈچىنچىسى ئاساسىي ئېقىمغا بولغان قارشىلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان، شەخسنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئىجتىمائىيلىقنىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، قىممىتى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بېسىقىپ قالغان ئىنسانىي تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش ۋە كوللېكتىپنىڭ ئاڭسىز ھالدا ياقتۇرۇشى، ئاڭلىق ھالدا دەپسەندە قىلىنىشىدىن پەيدا بولغان تراگېدىيە بىلەن ئۆلچىنىدىغان قىممەت ئەندىزىسىدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە، بىرىنچى خىل قىممەت ئەندىزىسىگە ئەھمەت يۈكنەكى ۋە يۈسۈپ

خاس ھاجىپلار ۋەكىللىك قىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ پەند ـ نەسىھەتچىلىك ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆزىنى خارلاش ئەندىزىسى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلىرىدە تىنىمسىز باش كۆتۈرۈپ ۋە تەكرارلىنىپ تۇردى. باشقىلارغا قانداق ياشاشنى ۋە قانداق ئۆلۈشنى ئۆگىتىش خاھىشى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرگە ئوخشاپ كېتىدىغان سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇ خىل خاھىشنىڭ كۆپىيىش ئۇۋىسىدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە، 2 ـ خىل قىممەت ئەندىزىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن فارابىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىنىڭ يېزىلىشىغا تۈركىي بولغىنى ئەينى چاغدىكى تۈرك دەۋرىنى يارىتىش ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىش بولسىمۇ، لېكىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆزى پۈتۈن كىتابىنى ئاقسۆڭەكلەردىلا بولىدىغان بىر خىل ئېسىل سالاپەت، يەنى سوغۇققانلىق ۋە ساپ ئىلىم تۇيغۇسى بىلەن يېزىپ چىققان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمان دۇنياسىدا «ئارىستوتېل سانى (ئىككىنچى)» دەپ نام ئالغان فارابى مېتافىزىكىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى پەيلاسوپ ھەم مۇزىكا نەزەرىيەچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەينى چاغدىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان باغداد شەھرىدە ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا ئۆگىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكەن. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپىسىنى خېلى كۆپ تەتقىق قىلغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ۋە باشقا يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى شەرھلىگەن. ئۇنىڭ «پەلسەپە قائىدىلىرىنىڭ دۇر ـ گۆھەرلىرى» ناملىق ئەسىرى ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغان، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەمەللىرى» ناملىق كىتابى ئەپلاتوننىڭ «جۇمھۇرىيەت» ۋە ئارىستوتېلنىڭ «سىياسى» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراش ۋە تەسەۋۋۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل قاراشلار ئاساسەن ساپ نەزەرىيەۋى تۈسكە ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق سىياسىي گۇرۇھنىڭ ۋە ۋاقىتلىق سىياسىي تەشەببۇسنىڭ جاكارچىسى بولۇش خاھىشىدا يېزىلغان ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەسى مەلۇم دەۋر ياكى گۇرۇھنىڭ يوقىلىشى بىلەن يوقالماستىن، بەلكى ئىبنى سىنا ۋە باشقا ئەرەب پەيلاسوپلىرى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا مەدرىسە پەلسەپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۈچىنچى خىل قىممەت ئەندىزىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدەك، مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن دەۋردە، ئەدەبىياتنىڭ تۈپكى قانۇنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇنداق قىممەت ئەندىزىسىنىڭ بارلىققا كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۇ ئۆزىدىكى چېكىدىن ئاشقان ئىسيانكارلىق روھى ۋە رادىكال ئىنسانىيلىقى بىلەن ئۇيغۇرلاردەك ئاساسىي ئېقىم زورلاۋاتقىنىنى ئۆزىگە ئەنئەنە قىلغان ئىنسانلار توپى تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن ياكى ئۇنتۇلۇشقا مەجبۇرلانغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كىرگەندە بولسا بۇ ئۈچ خىل قىممەت ئەندىزىسى، سوپى ئاللاھيار، ئەلىشىر نەۋائىي ۋە بابا رەھىم مەشرەبلەرنى ۋەكىل قىلغان ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بىز پۈتكۈل چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مۇشۇ ئۈچ خىل قىممەت ئەندىزىسىگە يىغىنچاقلىيالايمىز. بۇنىڭ ئىچىدە سوپى ئاللاھيار بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى تۈرك ئەللىرىنىڭ مەدرىسەلىرىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىن كېيىنلا تۇرىدىغان مۇھىم دەرسلىك سۈپىتىدە نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بېرى

يادلىنىپ كېلىنگەچكە، مىللىي كۇلتۇر، دىنىي ھايات ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ھەممە ياقلىرىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بارلىق قىممەت قارىشى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مەدرىسەلەردە گەرچە بابا رەھىم مەشرەبكە سوپى ئاللاھيار بىلەن ئەلىشىر نەۋائىيدەك ئورۇن بېرىلمىگەن، ئورتىدوكسىيال دىنىي پوزىتسىيەلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ۋە يەكلىشىگە ئۇچراپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈش جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ مۇھىم روھىي بايلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئوخشاشلا مىللىي روھ ۋە مىللىي تەپەككۇرىمىزغا زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ئۇن ئىككى مۇقامدەك ئۇيغۇر مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى بولغان سەنئەت شەكلىگە مەشرەپ شېئىرلىرى ئەلىشىر نەۋائىيلار بىلەن بىر قاتاردا كىرگۈزۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ روھىي قاتلاملىرىنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە سىڭىپ كىردى.

سوپى ئاللاھيار دىنىي تەشۋىقاتچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققاچقا، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئاددىي، چۈشىنىشلىك بولۇپ، مەقسىتى ئۆز ئىدىيەسىنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ئىكەنلىكى ئېنىقتايىن ئېنىق. شۇڭا، ئۇ بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن قىممەت ئەندىزىلىرى ئىچىدىكى بىرىنچى قىممەت ئەندىزىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

سوپى ئاللاھيارنىڭ ئەسەرلىرى دىنىي مۇراسىم تۈسىنى ئالغان. مەن كىچىك چاغلىرىمدا مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى باشلىرىنى ئىككى ياققا چايقاپ چەرخ ئۇرغان ھالدا دېكلاماتسىيە قىلغانلىقىنى، بەزى جايلىرىغا كەلگەندە ھۆركىرەپ يىغلىشىپ، بەزى جايلىرىغا كەلگەندە دۇئا قىلىشقىنىنى كۆرگەنىدىم. كېيىن ئۇنىڭ كىتابىنى قولغا ئېلىشتىن ئاۋۋال تاھارەت ئېلىش كېرەكلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. بۇ خىل روھىي جەھەتتىن ئىگىلىۋېلىش خاھىشى بولغان ئەسەرنىڭ روھىي جەھەتتىن ئىگىلىنىپ كېتىشنى خالايدىغان كىتابخانلار ئارىسىدا ئاجايىپ سېھرىي ئۈنۈم پەيدا قىلىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ سېھرىي ئۈنۈم ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن سىياسىي ئۈنۈمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ئەلۋەتتە. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدېئولوگىيەدىكى ئاساسىي ئېقىم بىرقەدەر مۇقىم، ئۆزگىرىش بىلەن تەرەققىيات بىر ئاز ئاستا بولغان مەدەنىيەتتە سوپى ئاللاھيارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر تۈردىكى ئەسەرلەر دائىم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن كەڭرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەتتا ئۆزىگە ئۇستاز بولمىش ئەھمەد يەسسەۋى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان مەخدۇمقۇلىنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ بەكرەك كىتابخانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئاددىي، سۆز - ئىبارىلىرى دەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر خىل ھېم تېكىست بولۇپ، ئەھمەد يەسسەۋى ۋە مەخدۇمقۇلىنىڭ ئەسەرلىرىدەك چوڭقۇر ئەمەس، بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ بەك رەڭ قوغلىشىپ كەتمىگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئاستىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىغىچە نەشر قىلىنىپ تۇرغان. سوپى ئاللاھيارنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ تارقىلىپ، كۆپىنچە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەتكەچكە، ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە تاتارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۆزلىرى بىلەن بىر قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدا نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابتا سوپى ئاللاھيار ئۈچۈن مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئۇنى تۈزگۈچى ئالىم ۋاھىد ئابدۇللايېۋ گەرچە سوپى ئاللاھيارغا «دەرۋىشلەر، ئەۋلىيالار، دوزاخ ئازابى، مۇنكىر - نەكىرلەر دەھشىتى، قىيامەت ۋە قىلدىن ئىنچىكە پىلسىرات كۆۋرۈكى قاتارلىق ئەپسانە ۋە سەپسەتىلەرگە

ئورۇن بېرىپ، بۇ ئارقىلىق سوپى ئاللاھىيار ئىنسانلارغا دەھشەت سېلىپ ئۇلارنى قورقۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى زەھەرلەپ، فېئودال، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ قولچىقىغا ئىتتىرىدۇ» دېگەندەك باھا بىلەن مۇئامىلە قىلغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىقكى، شۇقەدەر چېكىدىن ئاشقان قىزىل سىياسىي مۇھىت ئىچىدىمۇ سوپى ئاللاھىيارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزبېك مىللىي كۇلتۇرىدىن ئايرىپ قويماسلىق، كىشىلەرگە ئۇنى ئۇنتۇلدۇرماسلىقتىن ئىبارەت. ئۆزبېكلەردىن باشقا تاتارلارمۇ ئىزچىل تۇردە سوپى ئاللاھىيارنى ئۆزلىرىنىڭ شائىرى دەپ ھېسابلاپ كەلمەكتە. ئوتتۇرا ئاسىيادا سوپى ئاللاھىيار ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ تارقىتىلغان ۋە ئەڭ مەشھۇر نۇسخىلىرى قازان باسمىسى بولۇپ، سوپى ئاللاھىيارنىڭ ئۆمرىنىڭ بىر قىسمىنى قازاندا ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە تاتار مەدرىسەلىرىگە بۆلۈك ـ پۇچاقچە سىڭىپ كىرگەنلىكى تاتارلاردا سوپى ئاللاھىيارغا كېچىش قىيىن بولغان بىر خىل يېقىن تۇيغۇ پەيدا قىلغان. 1992ـ يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تاتار شېئىرىيەت ئانتولوگىيەسى» ناملىق كىتابتا سوپى ئاللاھىيار تاتارلارنىڭ ئەڭ مۇھىم كىلاسسىك شائىرى قاتارىدا تىزىلغان. لېكىن، سوپى ئاللاھىيارنىڭ ئەسەرلىرى قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەدىن تارتىپ، تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقلىرى بويىدىكى ئادەتتىكى بىر موللامنىڭ ھويلىسىدا ئېچىلغان قارىخانىغىچە سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ئەپسانىۋى تەپەككۇر قىلغان ۋە بىللە روھىي ھايات كەچۈرگەن، سوپى ئاللاھىيار ئۇيغۇرلاردەك يوقىتىشقا، مەھرۇم بولۇشقا ۋە ئۇنتۇلۇشقا چىدىيالىغان بۇ خەلققە باشقا ھەممە تۈركىي مىللەتكە قارىغاندا يېقىن بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا تىلغا ئېلىنغىنى يوق. بىرمۇنچىلىغان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ھېسابلىشىغا ئىمكانىيەت بەرگىنى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان دەۋرى ۋە ئورنىدىكى ئېنىقسىزلىقتۇر. «سەباتۇل ـ ئاجىزىن»نى نەشرگە تەييارلىغان رەشىد زاھىد سوپى ئاللاھىيارنى ئۆزبېكلەرنىڭ ئوتتۇرچى قەبىلىسىدىن بولۇپ، كاتتاقورغاندا تۇغۇلغان دېسە، يەنە بىرى سەمەرقەند يېنىدىكى مىنلاردا تۇغۇلغان دېمەكتە. ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى ھەققىدىمۇ قاراشلار ھەر خىل. لېكىن، بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىدىغان تارتىنچاق تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇنداق ئىمكانىيەتلەر بىلەن ھېسابلاشمىسا كېرەك. نەچچە ئەسىردىن بېرى يادا بىلىپ كېلىۋاتقان سوپى ئاللاھىياردىن مەھرۇم بولۇشنىڭ نېمىشقا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئازابلىق بىلىنمىگىنى مېنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

سوپى ئاللاھىيار بىلەن كەسكىن پەرقلىنىدىغان ئەلىشىر نەۋائىي بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن قىممەت ئەندىزىلىرى ئىچىدىكى ئىككىنچى قىممەت ئەندىزىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى تېرەن، تىلى گۈزەل، بەدىئىيلىككە ئادەتتىن تاشقىرى ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، سوپى ئاللاھىيار بىلەن بىر مەسىلەكتىكى شائىرلارنىڭ نەزىرىدە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ گۈزەللىكىگە بەك بېرىلىپ كېتىش، ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىگە ياكى شەھۋەتكە بېرىلىش بىلەن ئوخشاشلا بىر خىل چېركىنلىك تۇيۇلىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شېئىرىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ بىردىنبىر يولى دىنىي تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىش بولۇپ، شېئىرىيەتنى باشقا تېمىلارغا ئىشلىتىش گۇمراھلىق ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر، ھەتتا ئىسلام تەشۋىقاتىنىڭمۇ ئوبرازلىق بەدىئىي تىل بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىنى خالىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئوبرازلىق تىل ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ئەدەبىي ئەسەردە پەيدا قىلغان چۈشىنىكسىزلىك، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغىتىپ، ئۇلاردا ئاسانلا باشقىچە تۇيغۇلارنى، ھەتتا ئەسلىدىكى تېمىغا قارشى ئۇقۇملارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

شۇڭا، دىننى تەشۋىق قىلىدىغان تېمىدىكى ئەسەرلەردە تىل يالىڭاچ، بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن خالىي، ئۇدۇل، ئۇقۇم ئېنىق، دەل ۋە شوئار خاراكتېرىدىلا بولۇش كېرەك، شۇندىلا ئەدەبىي ئەسەر باشقىچە ئۇقۇملارنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئەگەر بۇنداق بولمىسا شېئىرىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئۇلار بۇ خىل قاراشلىرىغا دائىم «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە «شۇئەرا»نىڭ 224- ۋە 225- ئايەتلىرىنى ئىسپات قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن: «شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆز ۋادىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگىنىنى كۆرمەمسەن؟» يەنە «مىشكاتۇل - مەسابىھ» ھەدىسلىرىدە «قورساقتا شېئىرنىڭ تولغىنىدىن يىرىڭ تولغىنى ياخشى» دېيىلگەن.

ئەلىشىر نەۋائىيدەك شائىرلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئىسلامدا ئاساسى يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. مۇھىم بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئىشىدىن مەمنۇن بولۇش يۈزىسىدىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت قاناتلىرىنى ياپىدۇ، ئالىم ئۈچۈن ئاسمان-زېمىندىكىلەر، ھەتتا سۇ ئاستىدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئالىمنىڭ ئابىدتىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقى خۇددى 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ بارلىق يۇلتۇزلاردىن ئۈستۈن، يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ...»، «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە «ئەنكەبۇت»نىڭ 43 - ئايىتىدە ئىلىم ئىگىلىگۈچىلەر ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، «بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملار چۈشىنەلەيدۇ» دېيىلگەن. ئىسلام ئەقىدىسىدىكى بۇنداق ئىلىمنى ئۇلۇغلاش خاھىشى، ئەلىشىر نەۋائىيدەك شائىرلارنىڭ مەغرۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، رىياكار سوپىلارنى دائىم مەسخىرە قىلىشى، سىياسىيدىن، ئىجتىمائىي تەلەپتىن ۋە ئىدېئولوگىيەدىن مۇستەسنا بولغان، ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك مەسىلىلىرى ۋە ھاياتنىڭ، دۇنيانىڭ، ئىنساننىڭ ماھىيىتى ھەققىدە مېتافىزىكىلىق ئىزدىنىشلىرىگە ئاساس بولغان. ئۇلار دائىم ئۆزىنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇرى، ئادەتتىكى ئادەملەر ئىدراك قىلىپ بولالمايدىغان مىستىك تۇيغۇلىرى بىلەن باشقىلارنى كۆزىتىشكە خۇشتار ئىدىيەۋى ھاكىممۇتلەقلەرنى ھەم ئالاقزادە قىلىدۇ، ھەم دېمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈپ ئاغزىنى تۇۋاقلىۋېتىدۇ. مانا بۇ خىل تېرەنلىك ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئالىم ئابىدتىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ساۋاتى تۆۋەن ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە تايىنىپلا، ئۇنى - بۇنى دېيىشىنىڭ جايىز ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن قىممەت ئەندىزىلىرى ئىچىدىكى ئۈچىنچى خىل قىممەت ئەندىزىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شائىر بابا رەھىم مەشرەپ بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىي ئورنى، مەدەنىيەتتىكى سىمۋوللۇق ئوبرازى سوپى ئاللاھىيارغىمۇ، ئەلىشىر نەۋائىيغىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسسىياتتىكى قايناقلىق بىلەن ئەسەبىيلىك بولۇپ، تىنىمسىز ھالدا ئىجتىمائىيلىق بىلەن، ئاساسىي ئېقىم بىلەن قارشىلىشىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بارلىق تۈزۈم ۋە مۇقىملاشقان بارلىق قىممەت قاراشلىرىنىڭ كۈشەندىسى ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ دۈشمىنى. ئەپلاتون «جۇمھۇرىيەت» ناملىق كىتابىدا دەل مانا مۇشۇنداق شائىرنى ئۆز خىيالىدىكى غايىۋى دۆلەتتىن قوغلاپ چىقارماقچى بولغان. ئۇ ھەممە جايدىن ھەيدىلىدىغان مەڭگۈلۈك سەرگەردان. ئاپاق خوجا ئۇنى ئاختا قىلىپ ئوردىسىدىن قوغلاپ چىقارغان بولسا، بەلخ ئەمىرى مەھمۇدخان ئۇنى دارغا ئاسقان. ئۇ سوپى ئاللاھىياردەك مۇقىملاشقان قىممەت قارشىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئەمەس ۋە ئاساسىي ئېقىمنىڭ زوراۋانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىدىكى ھوقۇق

ئىرادىسىنى خىيالىي ئەمەلدە ئاشۇرغۇچى ئەمەس. بەلكى مۇقىملاشقان قىممەت قارىشىدىن گۇمانلانغۇچى، ئاساسىي ئېقىمنىڭ ئاسىيسى ھەمدە دۇنيادىكى بارلىق ھوقۇق ئىرادىسىنى دەپسەندە قىلغۇچى. شۇنداقلا ئۇ ئەلشىر نەۋائىيدەك، ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۇ ھەل بولمايدىغان مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يول تاپقۇچىمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۇ ھەل بولمايدىغان مەسىلىگە دۇچار بولغانلىقىنى ھېس قىلغۇچى ھەم ئۇنىڭ ئۇچۇن پەرياد كۆتۈرگۈچى. ئەلشىر نەۋائىي بىلەن مەشرەبنىڭ ھەر ئىككىسى دۆلەت ئىشلىرى ۋە سىياسىيغا ئارىلاشقان كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن نەۋائىينىڭ شېئىرىيىتى سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيەدىن خالىي. ۋاھالەنكى، نەۋائىيغا دۆلەت باشقۇرۇش پۇرسىتى بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۇ ھەل بولمايدىغان مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ تاپقان يولى، ئاخىرقى جاۋابقا ئايلىنىشى، باشقىلارغا ئومۇملاشتۇرۇلۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا يەنىلا ئۇنىڭ ئىدىيەۋى جەھەتتە ھاكىممۇتلەققە ئايلىنىش ئېھتىمالى بار. لېكىن، مەشرەب بولسا مۇتلەق ئەركىنلىكنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا دۆلەت باشقۇرۇش پۇرسىتى بولغان بولسا، ئۇ ياكى دۆلەتنى ھۆكۈمەتسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ياكى ۋەيران قىلىپ تاشلايدۇ.

پۈتكۈل چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرى ئەدەبىياتىنى سوپى ئاللاھيار، ئەلشىر نەۋائىي ۋە مەشرەبتىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەكتەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. بىر بۆلۈك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى سوپى ئاللاھيارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تېما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئوخشاشسا، يەنە بىر بۆلۈك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ۋارىيانتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. لېكىن، مەشرەبتەك مەجنۇنلارچە سۆيەتكە ئىگە بولغان شائىرلار كۆپ ئەمەس.

سانسىز قېتىملىق تېمىدىكى تەكرارلىنىش ۋە ئۇسلۇبتىكى بىر خىللىق بىزدە شۇنداق قاتتىق بىر خىل قېلىپ شەكىللەندۇردىكى، ئەدەبىي ئەسەرگە مەلۇم قىممەت بەلگىلەشنىڭ بۇ خىل تەكرارلىق شەكىللەندۇرگەن ئەندىزىسىنى بۇزۇۋېتىش ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەمنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كەلسە كېرەك. چۈنكى، قەدىمكى پىسخىك تەجرىبىلەرنىڭ قالدۇقلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ ئەندىزىلەر خۇددى ئىرسىيەت ياكى گىنغا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئېڭىغا بويسۇنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. قۇرۇلمىچىلىق ئىلمىنىڭ نەزىرىيەسى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ قەدىمكى تەپەككۇر ئەندىزىلىرى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، سىياسىي مۇھىت ياكى ماكان - زاماندىن ھالقىغان ھالدا، ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. «مەن ئۆز كۆزقارىشىم بويىچە سۆزلەۋاتىمەن» دەپ ئويلىغان بىر ئىنسان ئۆز ئاغزىدىن چىققان گەپنىڭ ئەمەلىيەتتە سانسىز ئەسىرلەر ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تىل ئادەملەرنىڭ ئالاقىلىشىش قورالىلا ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاسىتىسى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان تىل ئىنسانلارنىڭ ئىپادىلەش ئەندىزىلىرى سېستىمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىياتمۇ ئىنسانلارنىڭ بىر خىل ئىپادىلەش سەنئىتى، يەنى تىل سەنئىتى، شۇڭا كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەقىقىي ئىجادكار بىر يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئەسەردە ئىپادىلىگىنى ئۆزىگە خاس ياكى يېڭى نەرسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن نەرسە پەقەتلا يازغۇچىنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى يازغۇچى ۋەكىللىك قىلغان مىللەتنىڭ تەپەككۇر سىستېمىسىدۇر. يازغۇچىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ياكى ھاياجىنىغا ئاساسەن، ئاشۇ تەپەككۇر سىستېمىسىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئاركاتىپنى خاتىرىلەپ قويىدى دېيىشكە بولىدۇ. ئاتالمىش ئىلھام دەل ئاشۇ تەپەككۇر سىستېمىسىدىكى ئاركاتىپنىڭ

يازغۇچى ئېڭىدا ئايان بولۇپ، يازغۇچىدا ئۇنى ئىپادىلەپ چىقىرىۋېتىش تەقەززاسى پەيدا قىلغانلىقىدۇر، يوشۇرۇن ئاڭدىكى بۇ خىل قوزغىلىش ئىنتايىن خۇپىيانە بولغاچقا، كىشىلەر ھازىرغىچە بىلەلمەستىن ئىلھامنى سىرلىق بىرنەرسە ھېس قىلىپ كەلمەكتە. ئەلۋەتتە بۇ خىل قوزغىلىش ئىجادىي تۇسى قويۇق ھەقىقىي تالانتلىق يازغۇچىلاردىلا بولىدۇ. شوئارۋازلىق قىلىپ ياكى ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھالدا ئەسەر يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىجادىي بولمىغاچقا، ۋەياكى ئۆزىنى مەجبۇرلاش ئاساسىدا ھېچقانداق ئىلھام يوق باشقىلارنىڭكىنى تەكرارلاش بولغاچقا، بۇنداق ئەسەرلەر مىللىي تەپەككۇر ئەندىزىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئۇنى سىرتتىن تېڭىلغان ساختا نەرسە دېيىشكە بولىدۇ.

مىللىي بەدىئىي قىممەت ئەندىزىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەكىللەنگەن بولۇپ، سانسىز ئەسەرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل ئەندىزە مۇكەممەل بىر سىستېما بولۇپ شەكىللىنىپ قالغان. بۇ سىستېما خۇددى كۆرۈنمەس تورغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا بىزنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىمىزگە قوماندانلىق قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدا بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بىز پەقەت ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سېزەلمەيمىز. مۇشۇ سىستېما ئىچىدە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان يازغۇچى بىر تەرەپتىن، ئۇ سىستېمىدىن چەكسىز ئىجادىيەت مەنبەيىنى تاپسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ سىستېمىنىڭ چەكلەپ تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل چەكلىمىمۇ ۋە ئىجادىيەت قوزغاتقۇچ كۈچىمۇ ئوخشاشلا يوشۇرۇن ئاڭدا بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئاڭلىق ھالدىكى پائالىيەت ئەمەس. شۇڭا، يازغۇچى ئۆزىنى كونترول قىلىپ تۇرغان بۇ چەكلىمىنى ئاڭلىق ھالدا ھېس قىلىپمۇ يېتەلمەيدۇ ھەم بۇزۇپمۇ چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ خىل چەكلىمە بىر تەرەپتىن، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ساپلىقىنى قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ چەكلەيدۇ. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن مىللىي ئەدەبىيات سانسىز ئەسەرلەر ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ، بۇ چەكلىمىنى بۇزۇش خاھىشى ئۇنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭ ئايلىنىشىنى ئىلگىرىلەش دەپ ئىدراك قىلىمىز. ھالبۇكى، بىرنەچچە دەۋردىن كېيىنلا، بىز ئاندىن بۇ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىش ئىكەنلىكىنى سېزەلەيمىز.

19 - ئەسىردە ياشىغان گېرمانىيە پەيلاسوپى فرىئېدرىخ ۋىلھېلم نىتزى تارىخنىڭ سانسىزلىغان تەكرارلىنىشلاردىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ۋاقىتتىكى دەۋرىيلىك پەيدا قىلىغان خاتا سېزىم ياكى ۋاقىتتىكى دەۋرىيلىكنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى بولۇشى مۇمكىن، بەزىلەر مەڭگۈلۈك تەكرارلىنىش، ئەمەلىيەتتە ۋاقىتنىڭ قايتىلانماسلىقى ۋە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى باسقان ھەربىر مىنۇتىنىڭ ئۆزىنى مۇقەررەر ھالدا ئۆلۈم تەرەپكە قاراپ سۈرەۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى خىيالىي ھالدا ئىنكار قىلىش خاھىشىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. مەيلى قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نىتزى ئىدىيەسىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئۇنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىنسان ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىدۇر.

يەر شارى قۇياشنى، قۇياش سىستېمىسى بولسا سامانيولىنى ئايلىنىدۇ، مانا بۇ خىل ئايلىنىش ۋاقىتنىڭ دەۋرىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەسىلەن، بۈگۈن كۈنىگە دۈشەنبە بولسا، يەنە يەتتە كۈندىن كېيىن ئوخشاشلا دۈشەنبە بولىدۇ، ھازىر 8 - ئاي بولسا، كېلەر يىلى مۇشۇ چاغدا يەنە 8 - ئاي كېلىدۇ. كۈنلەر، ئايلار، پەسىللەر تەكرارلىنىدۇ، ئۇنداقتا يىللارچۇ؟ ئۇيغۇرلار يىللارنىڭمۇ 30 يىلدا بىر

قېتىم تەكرارلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا، 30 يىلنى بىر قەرنە دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل تەكرارلىق كىشىلەرنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىدىن ئۆتكەن. مەسىلەن، ياۋروپادا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن تارقىلىشچان زۇكامنىڭ ھەر 30 يىلدا بىر قېتىم تەكرارلىنىدىغانلىقىنى ئادەملەر كۆردى. ھەتتا دۇنيادىكى ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭمۇ 30 يىلدا بىر قېتىم تەكرارلىنىدىغانلىقى كىشىلەرنى تاڭ قالدۇردى. كىشىلەرنىڭ تەكرارلىنىشنى بايقاش چېكى پەقەت 30 يىلدىلا توختاپ قالغان، چۈنكى ھېچكىممۇ 30 يىلدىن بىرنەچچە ئوننى ياشاپ، ئۇنىڭ تەكرارلىنىشىنى كۈتەلمەيدۇ. لېكىن، مۇنەججىملەر يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ، تارىختا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان تەكرارلىنىشلارنى پەرەز قىلغان. مەسىلەن، فىرانسىيەلىك بېشارەتچى نوستىرا داموس قەدىمكى بابىلونىنىڭ ھەشەمەت ۋە كەيپ - ساپادا چېكىگە يەتكەن ھالىتىنىڭ 20 - ئەسىرگە كەلگەندە، غەرب دۇنياسىدا قايتىلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. نىتشېنىڭ تارىخ تەكرارلىنىدۇ دېگەن قاراش بىزگە ئاجايىپ يېڭى بىلىنىپ كەتكىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنچە يېڭىمۇ ئەمەس. «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىل قوۋمىنى باشلاپ شامغا ماڭغانلىقى، لېكىن بىر دەشت - باياۋاندا قېلىپ، ھەرقانچە يول يۈرسىمۇ باياۋاندىن چىقىپ كېتەلمەي ئايلىنىپ ئۆز ئىزىغا كېلىپ قېلىۋەرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئۇلار ئاشۇ باياۋاندا ئۆز ئىزىدا ئايلىنىپ 40 يىلغىچە بۇ ئايلىنىشتىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى مۇسادەك دەرىجىدىن تاشقىرى بىر ئادەم بۇ دەۋر قىلىشتىن قۇتۇلدۇرمىسا، ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايتتى. «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دىكى بۇ ھېكايىدىمۇ نىتشېنىڭكى بىلەن ئوخشاش قاراش مەسىللىك يول بىلەن ئىپادىلەنگەن. نىتشې خىرىستىيان دىنىنىڭ باقىي ئالەم توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنى پانىي ئالەمدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ دەپ قارىغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە تەپەككۇر شەكلى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەمنىڭ كېلىپ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇشىنى كۈتۈشى، ئەمەلىيەتتە، يەھۇدىيزم، خىرىستىيانىزم ۋە بۇددىزم قاتارلىق دىنلارنىڭ ساماۋى كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بىر كىشى — مەسىھ، مەھدى ياكى مائىترېينىڭ دۇنياغا ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇشقا كېلىشىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت پىكىر ئەندىزىسىگە يەنىلا ئوخشاپ كېتىدۇ.

مۇشۇنىڭ بىلەن ئوخشاشلا ئەدەبىيات تارىخىمۇ بىر خىل ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش ياكى دەۋر قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتنى تەقلىد ۋە بىر خىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، يېپيېڭى بىر يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇلۇغ تالانت ئىگىسىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشى ۋە بەزىلەرنى شۇنداق كىشىلەر دەپ ھېسابلىشى، ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات ساھەسىدە نىتشېنىڭچە دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەمنى كۈتۈشتۇر. ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ھەربىر قېتىملىق يېڭىلىق ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرى بىر مەھەل ئەنە شۇنداق كىشىلەر دەپ قارىلىدۇ، لېكىن ئارقىدىنلا يەنە بىر يېڭى دولقۇن كۆتۈرۈلۈش ھارپىسىدا ئۇ كونا، ۋاقتى ئۆتكەن، يارىمايدىغان دەپ قارىلىپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز بىزارلىقىنى ئىپادىلىشىدۇ. ئۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى تەكرارلىنىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتنى تەكرارلىقتىن ئىبارەت پاتقاقتىن قۇتۇلدۇرغۇچى دەپ قارالغان بۇ ئېقىمنىڭ قاچانلاردۇر دەۋر سۈرۈپ، كېيىن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بىر ئېقىمنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئىكەنلىكى بىردىنلا بايقىلىدۇ. 18 - ئەسىردە ياشىغان پەيلاسوپ ئىممانۇئېل كانت رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى، رومانتىزمدىن كېيىن يېڭى ئەدەبىي ئېقىم بارلىققا كەلمەيدۇ دەپ قارىغان. كىلاسسىزم

بىلەن زادىلا سىغىشالمايدىغان بۇ ئەدەبىي ئېقىمدىن كېيىن ناھايىتى تېزلا مودېرنىزىم بارلىققا كەلدى. كىشىلەر مودېرنىزمنىڭ بىر مەھەللىك يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتىگە ھايرانۇھەس بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شائىرى توماس ئېلىئوت بىردىنلا ئۆزىنىڭ كىلاسسىزمچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ بۇنداق ھالەت تىنىمسىز تەكرارلىنىپ كەلدى. بۇ خىل دەۋر قىلىش، ھەتتا بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. سوپى ئاللاھيارچە ئەسەرلەر بىر مەھەل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەشتە ئۆلچەم بولۇپ كەلگەن بولسا، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەلىشىر نەۋائىيدەك شائىرلار ئۇلارنى رىياكارلىقتا ئەيىبلەپ مەسخىرە قىلدى، لېكىن ئارقىدىنلا يەنە مەشرەبكە ئوخشاش شائىرلار چىقىپ، ئەلىشىر نەۋائىيلار ئىشەنگەن ئۆلچەم ۋە ئېستېتىك پىرىنسىپلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. مەشرەبنىڭ بىر قېتىم مالىمان قىلىشى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، سوپى ئاللاھيارچە شېئىرىيەت كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا، كىشىلەرگە يەنىلا ئىلگىرى زادىلا بولۇپ باقمىغاندەك يېڭىچە تۇيۇلدى. بۇ خىل ئايلىنىش بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى دېيىشىمىزدە مۇنداق ئاساس بار: 80 - يىللارنىڭ بېشىدا پەند - نەسىھەت ۋە شوئارۋازلىق قاتتىق بازار تاپقان بولسا، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كىشىلەرنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. 2000 - يىلىدىن كېيىن بولسا، كىشىلەر ئۇنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان يېڭىلىق بىلىپ قارشى ئالدى.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە بىز داۋاملىق تىلنىڭ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغانلىقىنى، يەنى تىلدىكى يېڭى شەكىل ئارقىلىق تەپەككۇردا يېڭى شەكىل پەيدا قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانلىقىنى، سوپى ئاللاھيارنىڭ تىلنى ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئۇنۇمنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانلىقىنى بايقىۋالالايمىز. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل بەزىدە تامامەن ئوخشاشمىغان ئىككى خىل ئىدىيەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىرىدە ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە چوڭقۇر تەسىر، ھەتتا ئىنسان كۆز بىلەن كۆرۈپ، ئەمەلىيەتتە دەرھال ھېس قىلالمايدىغان، لېكىن ئاخىرى ھالقىغان ھالدا يوشۇرۇن ئۇنۇم ياراتسا، بىرىدە دەرھال كۆرۈلىدىغان، لېكىن ئاڭ بىلەن كونترول قىلىنىدىغان ھەم بىر قەدەر ساددا بولغان ئۇنۇم قوغلىشىلىدۇ.

سوپى ئاللاھيارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيەۋىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۇنىڭ «سەباتۇل - ئاجىزىن»نى يېزىشتىكى مەقسىتىنىڭ باشقىلارنى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرگە قايىل قىلىپ، كىشىلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىش ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. شۇڭا، بۇ كىتابتا پىكىرلەر رەتلىك، كۆزقاراش ئېنىق، تىلدىكى ئىپادىلەش دەل بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھەربىر بابتىكى پىكىرلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، شۇنداقلا بۇ پىكىرلەر بىلەن ئىجتىمائىي ھايات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ ئىنتايىن ئېنىق. كىتابتىكى پىكىرلەر بىلەن ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ھايات ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان خاھىش ھازىرلانغان.

سوپى ئاللاھيار «سەباتۇل - ئاجىزىن» ناملىق كىتابىنى بارلىق ئەنئەنىۋى مۇسۇلمان شائىرلارغا ئوخشاش، رەھىمدىل ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ، ئاللانىڭ قۇدرەتلىرى، كارامەتلىرى ۋە مۆجىزىلىرىنى بايان قىلىپ، كىتابخانلارغا ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇتۇپ، ئاللاغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىپلا قالماي، يەنە «قۇرئان»دىكى پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنى ئىستىئارە ئورنىدا ئۆزۈپ ئېلىپ، بىر قۇر بايان قىلىدۇ.

نىچۈككىم تۈتدى تۇفان دەشتۇ تاغى،
ۋە لېكىن بولمادى ھۆل نۇھ ئاياغى.
خەلىلۇللاھ ئۈچۈن ياندۇردىلار نار،
قەدەم قويماي ئۇشول ئوت بولدى گۈلزار
غەزەب يەل ئادىيلارنى قىلدى نابۇد،
ئىدى ئول يەل نەسىمى تابىئى ھۇد.
بالىغ قارنىدا بىر ساھىب كەرامەت،
چىلە ئولتۇردىيۇ چىقتى سەلامەت.

«سەباتۇل ــ ئاجىزىن» 2 ــ بەتنىڭ 10 ــ قۇرىدىن 3 ــ بەتنىڭ 2 ــ قۇرىغىچە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى:

نېمە ئۈچۈندۇر، تۇفان سۇيى دەشت ــ باياۋاندىن تارتىپ، تاغ ــ داۋانلارغىچە بېسىپ كەتتى، لېكىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياغىمۇ ھۆل بولمىدى.

ئىبراھىم خەلىلۇللاھ ئاللاغا بولغان ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈشتى، لېكىن ئۇ ئوت ئىچىگە تېخى قەدەم باسماي تۇرۇشىغا ئوت بىر گۈلزار بولدى.

غەزەپ شامىلى ئادىيلار قوۋمىنى يوق قىلغان بىلەن، ھۇد قوۋمىدىكىلەرگە بۇ شامال مەيىن بىلىندى.

بىر كارامەت ئىگىسى بېلىقنىڭ قارنىدا قىرىق كۈن ئولتۇرۇپ، ساق ــ سالامەت چىقتى.

بۇ خىل تەمسىللەر ئارقىلىق سىرلىق كەيپىيات يارىتىش تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىر خىل ئەنئەنىسى بولۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ئۇ كۆپىنچە پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ خىل بايان ئۇسۇلى ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بابا رەھىم مەشرەبنىڭ ئەسەرلىرىدىن تارتىپ، خوجا جاھان ئەرشىي ۋە سالجۇق شېئىرىيىتىنىڭ ۋەكىلى يۇنۇس ئەمرەنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

ھەزرەتى ئادەم بىنا بولغاندا مەن بىللە ئىدىم،
ھەق رەسۇل مىئراجگە چىققاندا مەن بىللە ئىدىم.
چۈن خەلىل ئاتەشكە كىردى، ئۇتنى پەرۋا قىلمادى،
ئۇتنى بوستان ئەيلەگەن، گۈلشەندە مەن بىللە ئىدىم.
ھەزرەتى يەئقۇبنى كۆر، يۇسۇپ ئۈچۈن قان يىغلادى،
تاجۇ تەختى دەۋلەتىن قىسقاندا مەن بىللە ئىدىم.
زىكرىيانىڭ باشىغە ھەرە قويۇپ پارە ئەيلەدى،
زىكرى ھەقنى دىلغە جا قىلغاندا مەن بىللە ئىدىم.
چۈن ئەنەلھەق دېدىلەر، مەنسۇرنى دارغە ئاستىلار،
قان بىلەن مەنسۇر يۈزىن يۇيغاندا مەن بىللە ئىدىم.

— بابا رەھىم مەشرەپ

......

ئەييۇب ئىلە دەردە ئەسىر يىغلىدىم مەن چەكتىم جازا،
بىلقىس ئىلە ھەم تەخت ئۆزرە مۇھرى سۇلايماندا ئىدىم.
يۇنۇس ئىلە بالىق مېنى چەكتى دەمىيە يۇتتۇ مەنى،
زەكەرىيا ئىلە قاچتىم، نۇھ ئىلە تۇفاندا ئىدىم.
ئىسمائىلغا سالدىم پىچاق، پىچاق ماڭا كار قىلمادى،
ھەق مېنى ئازاد ئەيلەدى، قوچقار ئىلە قۇرباندا ئىدىم
يۇسۇف ئىلە بىر قۇدۇقتا ياتتىم، بىللە چەكتىم جەزا،
يەئقۇب ئىلە چوك ئاغلادىم تاپقۇنچە ئەفغاندا ئىدىم.
— يۇنۇس ئەمرا

بۇ خىل تەمسىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى غەرب دۇنياسىدا رومانتىزم دەۋرگە كەلگەندە، شېللېي ۋە بايرونلارنىڭ شېئىرلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان غايەت زور ئۇنۇم سىمۋولىزم دەۋرگە كەلگەندە شائىرلارنى بەكرەك جەلپ قىلدى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابلار ۋە ئەپسانە رىۋايەتلەردىكى ئاتالغۇلار ۋە بېشارەتلىك ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەندە، مىسرالاردىكى مەزمۇن سىغىمچانلىقىنىڭ ھەسسىلەپ ئاشىدىغانلىقىنى بايقىغانىدى. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى سوپى ئاللاھيارنىڭ مىسرالىرى ئىچىدىكى: «خەلىلۇللاھ ئۈچۈن ياندۇردىلار نار، قەدەم قويماي ئۇشول ئوت بولدى گۈلزار» دېگەن ئىككى مىسرا ئارانلا قىسقا ۋە ئىخچام ئىككى جۈملە بولغىنى بىلەن، ئۇ بىزگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى تولۇق ھېكايەتنى ئەسلىتىپلا قالماي، يەنە بۇ ھېكايەتتىكى بېشارەتلىك ئېلېمېنتلار بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنى قوزغىتىدۇ. بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپ قالغان چوققىلاردەك، پارچە - پۇرات ۋە كىچىك كۆرۈنىدىغان بۇنداق مىسرالار بىرلىشىپ كەلگەندە، بىز بۇنداق شېئىردىن بىر مەدەنىيەتنىڭ غايەت زور تېگىنىڭ ئۇنى ئاستىدىن مۇستەھكەم تىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

سوپى ئاللاھيار ئەسەرنى ئاللاغا ھەمدۇساناتا ئوقۇش بىلەن باشلىغاندىن كېيىن، ئاللانىڭ رەسۇلى موھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، پەرىشتىلەر، توت خەلىپە ۋە كارامەتچى ئەۋلىيالارغىچە ئۇلۇغلاش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئارقىدىنلا قەبرە ئازابى، قىيامەت، بېھىش ۋە دوزاخ ھەققىدە ۋەز ئېيتىدۇ. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاللاغا مۇناجات ئوقۇيدۇ. بۇ بۆلەكلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ئىنتايىن روشەن. تىلى خەلق تىلىغا يېقىن. ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ ئىنتايىن ئاددىي. ئۇنىڭ خەلق تىلىغا يېقىن بولۇشى، بەلكىم بىرنەچچە ئەسىر مابەينىدە سوپى ئاللاھيارنىڭ ئەسەرلىرى مەدرىسەلەردە سۆزلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ياشاش پىرىنسىپلىرىغا ۋە ھاياتتىكى ئاددىي مەنىۋىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەچكە، ياكى بۇ خىل قاراشلار خەلققە ئومۇملىشىپ كەتكەچكە، بىزگە ئەنە شۇنداق خەلق تىلىغا يېقىن تۇيۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ بۆلەكلەرنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئېلىۋېتىپ، باشقا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت كونتېكستىگە قويساق، بۇ مىسرالار بەلكىم تامامەن باشقىچە ئۇنۇم بېرىشىمۇ مۇمكىن.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ داستانلىرىمۇ ئوخشاشلا ئالدى بىلەن ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇش بىلەن باشلىنىدۇ، ئاندىن ئاللانىڭ رەسۇلى موھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، پەرىشتىلەر، تۆت خەلىپە ۋە كارامەتچى ئەۋلىيالارغىچە مەدھىيەلەر ئوقۇلىدۇ. لېكىن، سوپى ئاللاھيار بىلەن ئوخشاشمايدىغان بىر يېرى شۇكى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدھىيەلىرى سىرلىق كوسمولوگىيەلىك شەرھىيلەر، مېتافىزىك نەزەرىيەلەر ۋە چوڭقۇر مەدەنىيەت تىندىتسىيەلىرى بىلەن تولغان. بىز ئۇنىڭدىن قەدىمكى گىرېك پەلسەپىسىدىكى كائىناتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ تەسىرىدىن تارتىپ، قەدىمكى ئارىيان تەپەككۇر ئەندىزىسىدىكى مۇنەججىملىكنىڭ تەسىرىگىچە، تەسەۋۋۇپتىكى كىمىياگەرلىكتىن تارتىپ، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تەبىئەت قاراشلىرىغىچە ھەممىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خىل تېرەنلىك بىزنى باش ـ ئاخىرى يوق تەپەككۇر ئىچىگە شۇڭغۇتىدۇ.

«سەباتۇل ـ ئاجىزىن»دا ئاپتور تەسەۋۋۇرغا چۆمگەن كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان كائىناتنىڭ چەكسىزلىكىگە ئەمەس، نەزەرىنى تۇرمۇشنىڭ ھەربىر ئۇششاق تەرەپلىرىگىچە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە قارىتىپ، ۋەز ـ نەسىھەتكە ئۆتىدۇ. ئاۋۋال تالىپ، يەنى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدە توختىلىدۇ. ئاندىن قانداق دەرۋىش بولۇشتىن تارتىپ، ئادەتتىكى مۆمىن مۇسۇلمانلىقنىڭ يوللىرىغىچە ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ سۆزلىنىپ، ئۇلارغا قويۇلىدىغان ئەخلاقىي ۋە دىنىي تەلەپلەر بايان قىلىنىدۇ. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپلار ياكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئەۋلىيالار ھەققىدە ھېكايەتلەر بېرىلىدۇ. مىسرالار ئاددىي ئۇن بىر بوغۇملۇق قىلىپ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە تىزىلغان بولۇپ، ئادەتتە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرى ئەدەبىياتىدا ئېپىك بايان ئۇچۇن داستانلاردا ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، مىسرالارنىڭ قىسقا بولۇشى بايانىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، كىتابخانلارغا يەڭگىل تۇيغۇ بېرىشتىن باشقا، يەنە ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسان بولۇشنى كۆزلەشنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئەلىشىر نەۋائىي ۋە مەشرەبنىڭ غەزەللىرىنىڭ مىسرالىرى ئۇزۇن بولغىنى بىلەن، ھەربىر غەزەل بىرنەچچە مىسرادىنلا تەركىب تاپقاچقا، ۋەزنىنىڭ ئېغىر ۋە ئۇزۇن بولۇپ كېتىشى ئۇنى ئەستە ساقلاشقا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئۇزۇن داستانلار بولسا مىسرالىرى ئۇزۇن بولۇپ كەتسە ئەستە قالدۇرۇش قىيىن بولىدۇ. بىز ھەجمى ئىنتايىن چوڭ بولغان «ماناس» ئېپوسىغا قارايدىغان بولساق، بۇ ئېپوسنىڭ يەتتە بوغۇملۇق ئەڭ قەدىمىي تۈركىي شېئىرىيەت ۋەزنىدە ئېيتىلغانلىقى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بۇ خىل قىسقا، ۋەزنى چاققان مىسرالار ئەستە قالدۇرۇشقا ئەپلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە كۈچلۈك رىتىم ئارقىلىق، كىشىدە سېھرىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. قەدىمكى دەۋردىكى پېرىخونلارنىڭ ئەپسۇنلىرى ئەنە شۇنداق سۆزلەرنىڭ تىنىمسىز تەكرارلىنىشتىن پەيدا بولغان رىتىم ئارقىلىق؛ سۆزلەرنى ئادەتتىكى مەنىسىدىن ھالقىتىپ، غايىب ئالەم بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. سوپى ئاللاھيارنىڭ دىنىي ۋەز ـ نەسىھەت تېمىسىدىكى بۇ كىتابىنىڭ ئاددىي ۋە قىسقا ۋەزنىلىك يېزىلىشىمۇ، ئاشۇ خىل سېھرىي ئۈنۈمنى قوغلىشىش مەقسىتىدە قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ خىل سېھرىي ئۈنۈم كىتابخانلارنىڭ ئېڭىنى كونترول قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلغاندۇر. ھەرگىزمۇ ئەلىشىر نەۋائىيدەك كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇرىنى چەكسىز كەڭلىككە باشلاپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى رېئاللىق ۋە ئىجتىمائىيلىق پەيدا قىلغان تىزگىنلەردىن ئازاد قىلىش ئەمەس.

ئاغىزدىن چىقسا سۆز قايتارماغىل قاش،
ئەگەرچە كەتسە ھەم ئول سۆز ئۈچۈن باش؛
كېرەك ئەرمەن دېگەننى ۋەئدەسى تۈز،
ئەگەر تۈز بولماسا ئاندىن كۆڭۈل ئۈز؛
يەقىن بىلغىلكى تۈزلۈكدىن ئەسانى،
ئەرەنلەر ئالدىلەر ئۇلۇغ قولغە ئانى؛
خۇسۇسەن تۈز كېرەك ئەر ئىئتىمادى،
بولۇرمۇ ئەگرى ھېچ مەسجىد ئىمادى؛
سۆزىن بۇزغان كىشى بۇزماسمۇ ئىمان،
ئۈلۈمسە بىرلە قىلمە ئەھدى پەيمان؛
سۆزىن بۇزغان كىشىنى ياخشى ئەرلەر
قۇسۇپ قايتا ئانى ئىچكەنچە دەرلەر؛
قايۇ تەپكىم كىشى ئىچكەي قەيىدىن،
تىرىك قالماغىل ئەھدىڭ پەيىدىن؛

«سەباتول ـ ئاجىزىن» 90ـ بەت، 1ـ قۇردىن 7ـ قۇرغىچە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى:

بىر سۆز ئېغىزدىن چىقسا، ئەگەر ئۇ سۆز ئۈچۈن باش كەتسىمۇ ھەرگىز ئۇنىڭدىن يانما.

ئەر كىشى دېگەننىڭ ۋەدىسى تۈز بولۇشى كېرەك، ئەگەر تۈز بولمىسا ئۇنىڭدىن كۆڭلىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك.

شۇنى يېقىن بىلگىنكى، ھاسا تۈز بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئەرلەر ئۇنى ئۇلۇغ قولغا ئالىدۇ.

خۇسۇسەن كۆڭلى تۈز كىشىگە ئىشىنىش كېرەك، قايسى مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكى ئەگرى بولۇپ باققان؟

سۆزىنى بۇزغان كىشى ئىمانىنى بۇزماسمۇ، شۇڭا تۇترۇقسىز كىشىلەر بىلەن ئەھدۇ ـ پەيمان قىلىشما.

ياخشى ئەرلەر سۆزىنى بۇزغان كىشىنى قۇسۇپ، ئۆز قۇسۇقىنى قايتا ئىچكەن كىشىگە ئوخشاش دەپ بىلىدۇ.

قايسى خىلدىكى كىشى ئۆز قۇسۇقىنى ئىچىدۇ؟ تىرىك بولساڭلا ۋەدەڭنىڭ پەيدا بولغىن.

بۇ مىسرالاردا ۋەدىدە تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنتايىن ئاددىي بىر پىرىنسىپ سۆزلەنگەن بولۇپ، پەقەت ۋەدىسىدىن تېنىۋېلىشنى ئۆز قۇسۇقىنى ئۆزى قايتا ئىچىشكە ئوخشاتقان، ئاددىي، بىۋاستە ۋە ساددا ئوخشىتىشتىن باشقا ھېچقانداق بەدىئىي ۋاستە يوق. بۇ خىل بىۋاستە ئوخشىتىشنىڭ ئۈنۈمى باشتىن ـ ئاخىر بۇيرۇق پېئىل بىلەن تولغان مىسرالاردىكى ئىدىيەۋى زورلاۋانلىق تۈسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

نەسىھەتنى ئاساس قىلغان، ئەدەبىي ئەسەرنى بىر خىل ۋاستە دەپ قارىغان ئەدىبلەرنىڭ نەزەرىدە، پىكىر ئوچۇق ۋە تۈز بولۇشى كېرەك. بۇ يارلىق رادىكال سىياسىي شارائىتلاردا شەخسلەردىن سىياسىي مەيدان ئېنىق بولۇش تەلەپ قىلىنىپ، ھەرقانداق ئارىسالدىلىق ۋە نائېنىقلىق كىشىلەردە گۇمان پەيدا

قىلغانغا ئوخشاش، سوپى ئاللاھىياردەك ئۆزىنى ئېتىقادقا ئاتىغان كىشى ئەدەبىي ئەسەردە غۇۋالىق ۋە ئىلگىرىكى قىممەتنى چۈۋۈشىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پىكىر نائېنىق بولسا، بىر بۆلۈك پىكىر بىلەن يەنە بىر بۆلۈك پىكىر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كىتابخانلار ئېنىق ھېس قىلالمىسا، ئەسەرنىڭ ئىدىيەسىنى باشقىلارغا سىڭدۈرۈش ۋە باشقىلارنىڭ مېڭىسىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. تىلدا ماھارەت كۆرسىتىش، يۇقىرى بەدىئىيلىك ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى پىكىرگە ئەمەس، بەلكى بەدىئىي گۈزەللىكنىڭ ئۆزىگە بۇراپ، جەلپ قىلىشقا بەك بېرىلىپ كېتىپ، كىتابخانلارنى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاددىي مەسىلىلەردە يېتەكلىمەستىن، بەلكى ئۇلارنى قەستەن مۇرەككەپ، تېگى يوق تۈگىمەس تەپەككۇر قوينىغا ئىتتىرىۋەتسە، ئۇلار كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، مۇرەككەپ ئىدىيەلەر پەيدا قىلىدىغان ۋەسۋەسە ۋە گۇمانلاردىن يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئەدەبىياتنى تەشۋىقات ۋاسىتىسى دەپ قارايدىغان ئەدىبلەردىكى ئومۇمىي بىر خاھىش كىتابخانلارنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشىدىن قورقۇش بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇلار تارىختىكى بارلىق مۇستەبىتلەر بىلەن ئوخشاش پىسخىك ھالەتتە بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر چوڭقۇر تەپەككۇر قىلسا ئۆزىگە تېڭىلىۋاتقان ئىدىيەلەردىن ناھايىتى ئاسانلا گۇمانلىنىپ، كىتابخانلارغا شوئار ۋە پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك پىكىرلەر ئىشەنچسىز تۇيۇلىدۇ، ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ. سىياسىي مۇستەبىتلەرمۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كىشىلەرنى نادانلىقتا قالدۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا، پەند ـ نەسىھەتچى ۋە تەشۋىقاتچى ئەدىبلەر بىلەن ھاكىممۇتلەق ئەمەلدارلار تارىخنىڭ ھەممە دەۋرلىرىدە مەدەنىيەت ساھەسىدە بىر مەيداندا تۇرىدۇ.

بىز سوپى ئاللاھىيارنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ھاياتتا قانداق بىر رولنى ئالغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەزى نەرسىلەرنى پەرەز قىلالايمىز. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن كىتابىنىڭ «شەرابى مۇھەببەتنى پىرى كامىلدىن ئىچمەك كېرەك» دېگەن بابىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا قاراپ باقايلى.

كەل، ئەي ساقى، ئىكەۋلەن ئەيلەلى شۇرب،
ئۇشول شۇربىكى خەلق ئاندىن تاپار قۇرب.
شەرابى بەركى، دىل ئاندىن بولۇر سەھۋى ،
قىلۇر بىر مۇددىئادىن ئۆزگەنى مەھۋى.
ئەگەر فەغفۇرى چىندۇر قەيسەرى رۇم،
مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ئالدىدا مەئدۇم.
مۇھەببەت جامىدىن تابسا كىشى بەھر،
نە قىلسۇن مۇلكو مالى ماۋەرائۇننەھر.
كۆڭۈل مۇلكىكى بىر ئالى سىفەتدۇر،
مۇھەببەت گەنجى باغى مەرىفەتدۇر.
رىزائى ھەزرەتى مەئبۇد ئۇ شۇندا،
جەمىئى ئىستەگەن مەقسۇد ئۇ شۇندا.
ئانىڭدەك مۇلكنى سۇلتانى بولساڭ،
نە ھاجەت يەر يۈزىنى خانى بولساڭ.

ئەگەر خىرەدىلچە بولسا مېھر ئەغيار،
بولۇر باتىن كۆزۈڭ مەھجۇنى ئەسرار،
ئىچۈككىم زەررىچە خەس تۈشسە كۆزگە،
قىلۇر ئەلبەتتە كۆرمەكلىكنى ئۈزگە.
«سەباتۇل ـ ئاجىزىن» 90ـ بەت، 1ـ قۇردىن 7ـ قۇرغىچە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى:
كەل ئەي ساقى، ئىككىيلەن ئىچىشەيلى، بۇ ئىچىشمەكتىن خەلق يېقىنلىقتا ئىبرىشىدۇ.
كۆڭۈلنى دۇرۇس قىلغۇچى شاراب بەرگىن. ئۇ بىرلا مەقسەتتىن باشقىنى بەربات قىلىدۇ.
ئۇلۇغ چىن شاھى ياكى رۇمنىڭ پادىشاھى قەيسەرنىڭكىدەك ھوقۇقمۇ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ئالدىدا يوق بولىدۇ.
كىشى مۇھەببەت جامىدىن بەھرە ئالسا، ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادىشاھلىقى ۋە دەپىنە ـ دۇنياسىنىڭمۇ نېمە بولسۇن؟
مەرىپەت بولسا كۆڭۈل دۆلىتىگە ئالىي سۈپەت ئاتا قىلغۇچى. مۇھەببەتكە باي بىر باغدۇر.
تەڭرى دەرگاھىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئىبادەتنىڭ نىشانىدۇر، بىز ئىزدىگەن بارلىق مەقسەتمۇ شۇ يەردە.
بۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ سۇلتانى بولساڭ، پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ خانى بولۇشىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ.
ئەگەر ئەقلىڭگە ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ناتونۇش بولسا، ئىچكى روھىي كۆزۈڭ ئېتىپ توسۇۋېتىلگەنگە باراۋەر.
چۈنكى، كۆزگە كىچىككىنە زەررىچە ئەخلەت كىرىپ كەتسىمۇ، ئەلۋەتتە كۆرەلمەيدىغان قىلىۋېتىدۇ.

بىز بۇ بۆلەكتىن شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، سوپى ئاللاھيار ئۆزىنى تاپشۇرغان نەقشىبەندىيە سوپىزمىنىڭ بۇ تارماق ئېقىمىدا گەرچە يەنىلا كامىل ئىنسانلىق ماقامىغا يېتىشنىڭ ئۈچ خىل باسقۇچى بولغان تەرىقەت، مەرىپەت ۋە ھەقىقەتنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەلىشىر نەۋائىي ۋە بابا رەھىم مەشرەبلەر ئۆزىنى تاپشۇرغان پەلسەپىۋى مىستىك تەسەۋۋۇپتىن كۆپ جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىقى مىسرالاردا سوپىلىق يولىنى تۇتقۇچى بېسىپ ئۆتىدىغان يوللارنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كامالەتكە يەتكەن دەپ قارىلىدىغان بىراۋنى پىرى كامىل بىلىپ، ئۇنىڭغا قول بېرىش لازىملىقى تەكىتلەنگەن بولۇپ، مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى يولغا قويغان ئىشانچىلىق ئەنئەنىسىدىكى بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي سوپى ياكى ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەمەس، بەلكى كىمگە قول بېرىپ مۇرىت بولغانلىقىغا قاراپ ئۆلچەشتىن ئىبارەت پىرىنسىپ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بىزنىڭچە ئەسىر داۋاملاشقان ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار جېدىلىدە، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي زىددىيەت دەل مانا مۇشۇنداق كىمگە قول بېرىپ، كىمنىڭ پېشىنى تۇتقانلىقىغا قاراپ باشقىلارغا باھا بېرىشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ خىل سوپىلىق يولىدا پەلسەپىۋى ئويلىنىش ئەمەس، پەقەت قارىغۇلارچە ئەگىشىشلا تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بىز بۇ خىل ئىدىيەدىن تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى شامان ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىنى ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. شامان دىنىدا شامان تەڭرى بىلەن ئىنسان

ئارىسىدىكى ئالاقىچى بولۇپ، ئۇ سىرلىق سۆزلەر ۋە ئەپسۇنلار ئارقىلىق تەڭرى بىلەن ئالاقىلىشەلەيدۇ. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ۋە نېمىنى خالاپ، نېمىنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ قايسى ئىشىدىن خۇشال بولۇپ، قايسى ئىشىدىن غەزەپلىنىدىغانلىقىنى، پەقەت شامانلارلا تەڭرى بىلەن ئالاقىلىشىپ بىلىپ ئىنسانلارغا يەتكۈزەلەيدۇ؛ ھەمدە ئىنسانلارنىڭ قانداق قىلىپ نۇۋەتتىكى بەختسىز ھالىتىدىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭا، ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە شامانلارنىڭ ھەممىسى قەبىلىلەرنىڭ ياكى ئۇرۇقلارنىڭ داھىيلىرى، ئۇرۇقتا ياكى قەبىلىگە بىردىنبىر توغرا يول كۆرسەتكۈچى دەپ قارىلىدۇ. بۇ تۇركلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قەھرىمانغا چوقۇنۇش ئەنئەنىسىنىڭ مەنبەيى بولۇپ، قەھرىمانلىق دەۋرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي سىستېمىسى مۇشۇنى ئاساس قىلىپ ئورنىتىلىدۇ. بۇ خىل قەھرىمانغا چوقۇنۇش بىر خىل ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئايلانغاندا، غايەت زور نۇسرەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن بەزى تارىخىي شارائىتلاردا چېكىدىن ئاشقان شەخسكە چوقۇنۇش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىنساننىڭ خاسلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئىچكى مەۋجۇتلۇقىنى دەپسەندە قىلىپ ئاپەتمۇ ئېلىپ كېلىدۇ.

سوپى ئاللاھيارنىڭ كىتابىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش شۇكى، ئاپتور ھەربىر بۆلەكنى نامەلۇم كىتابخان، يەنى ئاپتورنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلغۇچى مەۋھۇم ئوقۇغۇچىغا خىتاب قىلىش بىلەن باشلايدۇ. مەسىلەن:

كەل، ئەي سادىقكى، قىلدىڭ سىدق لافىن،
ئۆلەنچە قىلماغىل ۋەئدە خىلافىن.
خىلاف ئەتكەن زەبۇنلاردىن زەبۇندۇر،
بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا سەر نىگۇندۇر.
خەلايىق ئالدىدا كۆتە زۇباندۇر،
خۇدا دەرگاھىدا ئاندىن ياماندۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى:

كەل ئەي ساداقەتلىك كىشى، سادىق بولۇش ھەققىدە چوڭ گەپ قىلساڭ، ئۆلسەڭمۇ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان بول،

ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان كىشىنىڭ ئەھۋالى خارلاردىنمۇ خارراقتۇر. بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىمۇ ئېچىنىشلىقتۇر.

خالايىق ئالدىدا تىلى قىسقا بولسا، خۇدانىڭ دەرگاھىدا ئەھۋالى ئۇنىڭدىنمۇ ياماندۇر.

بۇ خىل نامەلۇم كىتابخانغا بىۋاسىتە خىتاب قىلىش ئۇسۇلى ئەدەبىي ئەسەردە كىتابخان بىلەن ئاپتور ئارىسىدا دەۋر ۋە ئورۇن ئاتلىغان سىرلىق بىۋاسىتە دىيالوگ قىلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەقسەت بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەردە بۇ خىل مېڭە يۇيۇش تۈسىنى ئالغان ئۇسۇل كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ئاپتورنىڭ مەقسىتىنىڭ بۇنداق خىتاب ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى ھەرقايسى جايلاردىكى كىشىلەرگە روھىي تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە ئوخشاشمىغان دەۋردىكى ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىشى مۇمكىن بولمىغان، ئۆزىدىن نەچچە ئەسىردىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭمۇ كاللىسىنى

كونترول قىلىش ئىمكانىيىتى ئىنتايىن ئېنىق، ئاپتور خىتاب قىلىنىۋاتقان نامەلۇم ئاڭلىغۇچىنىڭ سالاھىيىتى ئەسەردە تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. «بەندە ئەھدىدە تۇرماقنىڭ بايانى» دېگەن بۆلەكتە:

كەل، ئەي سادىقكى قىلدىڭ سىدق لافىن،

ئۆلەنچە قىلماغىل ۋەئدە خىلافىن.

دەپ ئۆزىنى ساداقەتلىك كىشى دەپ قارايدىغان بىراۋغا قارىتىپ بىۋاسىتە سۆزلىسە، «ياخشى ھەمراھنىڭ بايانى» دېگەن بۆلەكتە:

كەل، ئەي ئازىم، ئەگەر بولساڭ سەفەردە،

رەفىقى تاپ تەرىقى پۇر خەتەردە.

دەپ بىر سەپەرگە ئاتلانغۇچى مەۋھۇم كىشىگە سۆزلەيدۇ. «مەۋئىزە» بۆلىكىدە، ھەتتا سۆزلىگۈچى، يەنى ئەسەردىكى مەۋھۇم بايانچى ئۆز تېنىنى ئۆزى بىلەن ئۇدۇل ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ، تەنگە خىتاب قىلىدۇ.

كەل، ئەي تەن، بەرمەغىل ۋەقتىڭنى قولدىن،

يوگۇر دەريايى رەھمەتكە بۇ چۆلدىن.

دەپ تەنىنىمۇ مەۋھۇم بىر ئاڭلىغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ يەردىكى تەن ھەرگىزمۇ ئاپتور بولغان سوپى ئاللاھيارنىڭ ئۆزىنىڭ تېنىلا بولماي، بەلكى ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بارلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تېنىدۇر. دېمەك، بۇ يەردە سۆزلىگۈچى تەنگە خىتاب قىلىش بىلەن تەڭ ئاڭلىغۇچىلارمۇ ئۆز تېنىگە خىتاب قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتور بىلەن كىتابخان، ئاڭلىغۇچى بىلەن سۆزلىگۈچى ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىدۇ بولۇپ، بۇ دەل ئىجتىمائىي ئۇنۇمنى ئاساس قىلغۇچىنىڭ شەخسنىڭ خاسلىقىنى چەتكە قېقىپ، ئىجتىمائىيلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان پسىخىكىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. «قەزاغا رازى بەلاغا سەبر ئەيلەمەك بايانى» دېگەن بۆلەكتە:

كەل، ئەي بەندە، ئۆزۈڭنى سال خۇداغا،

قەزاغا رازى بول، سەبر ئەت بەلاغا.

دەپ ئۆزىنى ئاللانىڭ بەندىسى دەپ قارايدىغان مەۋھۇم بىر ئاڭلىغۇچىغا سۆزلەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئاللانىڭ بەندىسى دەپ قارايدۇ، شۇڭا بۇ يەردىكى تېكىستتە ئىككىنچى شەخس بىرلىك قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەككە شەخس سۈپىتىدىكى تونۇلغان بەندىلەرنىڭ ئىچىگە بۇ ئۇچۇر يەتكەندە، ئۇ يەنىلا كۆپلۈككە ئايلىنىدۇ. دېمەك، ئاپتور بىلەن ئەسەردە دىيالوگ قۇرغۇچىلار ھەر خىل سالاھىيەتتىكى كىشىلەر بولۇپ، ئاپتور ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى داۋاملىق ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، ئەسەرنى دەۋر ھالقىغان ئۇنۇمگە ئىگە قىلىشنى ئاڭسىز ھالدا مەقسەت قىلغان. بىز ئەلۋەتتە بۇ خىل تىندىتسىيەنى ئاڭلىق دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز، چۈنكى مەلۇم بىر خىل دەۋردە مەلۇم بىر خىل ئىدىيە

ئەڭ تۈپكى ئاساسىي پرىنسىپقا ئايلانغاندا، ئۇنىڭ كونترول قىلىش كۈچى ئاڭدىن تامامەن ھالقىپ كېتىدۇ.

ئەسەردە يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم بىر نەرسە شۇكى، ئاپتور ئۆز زاكونلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە، شەرق ئەنئەنىسىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئۇسۇل بولغان ھېكايەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ھېكايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئاندىكى قىسسىلەردىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى ئەلى توغرىسىدىكى جەڭنامىلەردىن ئېلىنغان. بۇ خىل ئۇسۇل شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. پەرىدىدىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمىي، نىزامىي گەنجىۋى قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىدىيەلىرىنى ھېكايەتلەر ئارقىلىق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن دەلىللەيدۇ. بۇ ئەسەردە بىز گاھ ئىبراھىم خەلىلۇللا بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ھەققىدىكى ھېكايەتنى ئاڭلىساق، گاھ ھەزرىتى رەسۇلۇللانىڭ جەڭدە ئەبۇ سوپيياننى قانداق قايىل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايەتكە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىمىز. گاھ ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۇپپارلارنى ئۆز پەزىلىتى بىلەن قايىل قىلىپ ئىسلامغا كىرگۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئىدىيەسىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىمىز.

ئەسەرنىڭ بەزى جايلىرى ناھايىتى ئەپچىل دىيالوگ شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، قىسقا مىسرالارغا مۇكۇم خاراكتېرلىك چوڭ بايانلار سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن:

غۇلامى ئالدى ئەبدۇللاھ ئەنسار،
دېدى: ئەي قۇل، ئاتىڭنى ئەيلە ئىزھار.
دېدى: ئەي خاجە، سەن قويساڭ قايۇ ئات،
مېنى ئاتىم ئۇشولدۇر، ئەي نىكۇ زات.
دېدى: ئەي قۇل سۆيەرسەن قايسى خورەك،
دېدى: سەندىن نە تەگسە بىردۇر، ئەي بەك.
دېدى: قايسى ئولۇر كۆڭلۈڭدە مەرغۇب،
دېدى: سەن قايسىنى بەرسەڭ ئۇشول خوب.
دېدى: ئەي قۇل نەدۇر ھەم كەسبۇ كارىڭ،
دېدى: ھەر قايسى بولسا ئىختىيارىڭ.
دېدى: بارى قىلۇرسەن قاي ھۈنەردىن،
ئاقۇزدى ئول قۇل ئەشكىن چەشمە تەردىن.
دېدى: ئەي ياخشىلارنىڭ شەھرىيارى،
بولۇرمۇ قۇل دېگەننى ئىختىيارى؟
ئەگەر ئەمر ئەيلەسەڭ ھەرقايسى يۈزگە،
نەدۇر چارەم بويۇن سۇنماغدىن ئۆزگە؟
ئېشىتتى خاجە ئول قۇلنى سۆزىنى،
يىقىلدى يەرگە ھەم ئۇردى ئۆزىنى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى:

ئابدۇللا ئەنسارى بىر غۇلام سېتىۋالغانىدى؛ ئۇ قۇلغا

دېدى: ئەي، قۇل ئېتىڭ نېمە ئېيت.

دېدى: ئەي خوجا، سەن نېمە دەپ ئات قويساڭ مېنىڭ ئېتىم شۇدۇر، ئەي ياخشى كىشى.

دېدى: ئەي قۇل، قايسىنى بەكرەك سۆيىسەن؟

دېدى: سەن قايسىنى ئېيتساڭ شۇنىڭغا بەكرەك مايىل بولاي.

دېدى: تاماقلاردىن قايسىسىنى كۆڭلۈڭ بەكرەك خالايدۇ؟

دېدى: سەن قايسىنى بەرسەڭ ماڭا شۇ ياخشى.

دېدى: ئەي قۇل، سېنىڭ كەسپىڭ ۋە ئىشىڭ نېمە؟

دېدى: سەن قايسىنى ئىختىيار قىلساڭ شۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولاي.

دېدى: بارچە ھۈنەردىن قايسىسىنى قىلىسەن؟

ئۇ قۇل، كۆزلىرىدىن تامچە - تامچە ياشلىرىنى ئاقتۇرۇپ دېدىكى: ئەي ياخشىلارنىڭ يېقىن دوستى، قۇل دېگەندە نېمە ئىختىيار بولسۇن؟

ئەگەر سەن ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇساڭ بويسۇنماقتىن باشقا نېمە چارەم بار بولسۇن؟

خوجا ئۇ قۇلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يىقىلىپ ئۆزىنى يەرگە ئۇردى.

دىيالوگ شەكلىدىكى بۇ جۈملىلەر كىشىگە تېز ئېقىۋاتقان ئېقىننى ئەسلىتىدۇ. ئۇ تىنىق كۆلدەك چوڭقۇر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنتايىن تېز سۈرئىتى يەنىلا ئۇنىڭغا كىرگەن كىشىنى شىددەت بىلەن ئېقىتىپ، غەرق قىلالايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ كۈچى ھەتتا چوڭقۇر كۆلدىن ئۈستۈن.

ئەسەردە ھۆكۈم خاراكتېرلىك جۈملىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىدىيە ھەممىدىن ئۈستۈن دېيىلگەن خاھىشنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەس. بۇ خىل خاھىشتىن بىز ئاپتورنىڭ پىسخىكىسىدىكى كىتابخانلارنى يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى مەلۇم بىر ئىدىيەگە ئۇيۇشتۇرۇش تىندىتسىيەسىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئۇيۇشتۇرۇش دائىم قايىل قىلىش كۈچىگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ئەمەس، بەلكى كونا تېمىنىڭ داۋاملىق تەكرارلىنىۋېرىشى ۋە بۇ خىل تەكرارلىق پەيدا قىلغان گىپنوزلۇق ئۈنۈمى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ تايىنىلىدىغىنى پاكىت، زاكون سۆزلەش، دەلىل كۆرسىتىش ياكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىنى سۆزلىگۈچىنىڭ پىكىرلىرى ئورۇنلۇق ئىكەن، دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرۈش بولماستىن، بەلكى پەقەت تىنىمسىز تەكرارلاش ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىنى پسىخىك جەھەتتىن تۇگەشتۈرۈپ، گۇمانلىنىش ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلىشتۇر.

سوپى ئاللاھىيار ياشىغان دەۋرلەر كىشىلەر مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسەك بىردەكلىكنى ئىزدىگەن دەۋرلەر بولۇپ، كىتابخانلاردىكى مەنىۋى بىردەكلىكنى ئىزدەش ۋە پارچىلىنىشتىن قورقۇش ئۇلارنى مۇرەككەپ نەرسىلەردىن ۋە چوڭقۇر تەپەككۇردىن قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، بۇنداق كۆپ خىللىقلىق ئۇلارنى ئاساسىي قىممەت ئەندىزىسىدىن گۇمانلاندۇرۇپ، تۇراقلاشقان ئىدېئولوگىيەسىنى تەۋرىتىۋېتىدىغاندەك بىلىنىدۇ. شۇڭا، سوپى ئاللاھىيارنىڭ تۇتقان يولى كىشىلەرنىڭ ئاساسىي قىممەت ئەندىزىسىدىن گۇمانلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۇراقلاشقان ئىدېئولوگىيەسىنىڭ تەۋرىنىشىنىڭ

ئالدىنى ئېلىش بولۇپ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ مۇقىم ۋە تۇراقلىق ئىستېتىك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، دائىم ئىلگىرىكى شەكىللەرنىڭ بۇزۇۋېتىلىشىگە ھوشيارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي ۋە مەشرەبلەرنىڭ نەزەرىدە، ئاساسىي قىممەت ئەندىزىسىنىڭ ئۇلى ئىنساننىڭ روھىدا بولۇپ، چوڭقۇر تەپەككۇردىن قورقىدىغانلارنى ئۇلار ئەسلىدىلا ئۆزىگە ئىشەنچ يوق دەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

تېكىست شەكلىدىكى ئەركىنلىك بىلەن باشقىلارغا ئىدىيەنى تېڭىشقا خۇشتار كىشىلەرنىڭ چىقىشالماسلىقى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەڭگۈلۈك تېكىست بىلەن ۋاقىتلىق تېكىست ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر. مەڭگۈلۈك تېكىست تىلىنىڭ ئىمكانىيەتلىرىگە بىرقەدەر يول قويغان تېكىست بولۇپ، ئاشۇ ئىمكانىيەت تېكىستنىڭ مەنىسىنى مەڭگۈ يېڭىلاپ بارىدۇ. مەسىلەن، نەۋائىينىڭ:

ئۆلدەمكى يوق ئەردى بۇدۇ نابۇد،
مەئدۇم ئەردى ئەمدى ھەرنە مەۋجۇد،
ھەق كەۋنىغە سالمامىش ئەردى پەي،
كانەللاھۇ لەمىيەكۇن مەئە شەي،
ئەۋۋەلقى نەسىمى ئافەرىنىش،
كىم قىلدى ۋۇجۇد سارى جۇنبىش.
ئىنساق ئىلە ھەر كىشى سالۇر كۆز،
ئاڭلار سۆز ئەردىيۇ مۇندا يوق سۆز.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى:

ئۇ چاغدا بارلىقمۇ، يوقلۇقمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.
ھازىر مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يوق ھالىتىدە ئىدى.
ھەق مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئاساسلىرىنى تېخى سالمىغانىدى، ئاللادىن باشقا مەۋجۇتلۇق يوق ئىدى.
بار بولۇشنىڭ ئاۋۋالقى مەيىن شامىلى ۋۇجۇد تەرەپكە قاراپ ئەستى.
ئىنساپ بىلەن ھەرقانداق كىشى كۆز سالسا،
ئاڭلانغىنى سۆز ئىدىيۇ، لېكىن بۇ يەردە سۆز يوق ئىدى.

كائىناتنىڭ يارىتىلىشتىن ئاۋۋالقى ھالىتى توغرىسىدىكى بۇ مىسرالارنىڭ مەڭگۈلۈك تېكىست بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ مىستىك تۇيغۇلار بىلەن يۇغۇرۇلغىنىدا ئەمەس، بەلكى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پەيدا قىلغان تۇراقسىزلىقنىڭ كىتابخاندا داۋاملىق تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىپ، ئوخشاشمىغان دەۋر ۋە ئوخشاشمىغان كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئوخشاشمىغان تۇيغۇلارنى ئويغىتالايدىغانلىقىدىدۇر. مەسىلەن، نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كائىناتنىڭ يارىتىلىشتىن ئاۋۋالقى ھالىتى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر تەۋراتتىكىدىن خېلىلا چوڭقۇر. تەۋراتتا تەڭرى دۇنيانى يارىتىشتىن ئاۋۋال زېمىن شەكىلسىز بوش ۋە قاراڭغۇلۇق بىلەن قاپلانغان گىرداب ئىدى، تەڭرىدىن چىققان شامال سۇنىڭ يۈزىدە كېزىپ يۈرەتتى، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. يارىتىلىشتىن ئاۋۋالقى ھالەت يەنىلا قاراڭغۇلۇق ۋە سۇدىن

ئىبارەت ماددىي نەرسىلەر مەۋجۇت بولغان ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنى ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، كىشىلەر كۆرۈپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ نامىدىن مېتافور شەكلىدە پايدىلانغان دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولار. لېكىن، يەنىلا نەۋائىينىڭ ئۇ چاغدا بارلىقمۇ، يوقلۇقمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، دەپ تەسۋىرلىگىنىدەك، چەكسىز مېتافىزىك ھالەت ھەققىدىكى بايانى ئاخىر تەپەككۇر قوينىغا ئېلىپ كىرمەيدۇ.

ھازىر مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يوق ھالىتىدە ئىدى، دەيدۇ نەۋائىي، ئۇنداقتا بۇ يەردىكى يوق ھالەت زادى قانداق بىر ھالەت؟ دېمەك، ئۇ مەلۇم ھالەت بولغانىكەن، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولغانىكەن، ئۇنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. دېمەك، يوقلۇقنىڭ ئۆزىمۇ مەلۇم بىر خىل ھالەتتىكى مەۋجۇتلۇق. نەۋائىي بىزنى بۇ يەردە مۇشۇنداق بىر خىل تۈگىمەس پارادوكسقا بەند قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇ ھەق مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئاساسلىرىنى تېخى سالمىغانىدى، ئاللادىن باشقا مەۋجۇتلۇق يوق ئىدى، دەپ، ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى چەكسىزلىككە ئايلاندۇرىدۇ. دېمەك، بۇ خىل ئاللانى چەكسىزلىك بىلەن سۈپەتلەش، باشقىلارنىڭ ھەممە نەرسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە نوقۇللاشتۇرۇش ئىدىيەسى بىلەن سىغىشالمايدۇ.

بىز سوپى ئاللاھىيارنىڭ تېكىستلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، سىرلىق دىنىي مىستىتىزم ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋرگىچە ئۇيغۇر مەدرىسەلىرىدە ئاساسلىق ئوقۇشلۇق بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، ئالدى بىلەن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى «سەباتۇل ـ ئاجىزىن» دېگەن ئىسمىدىكى پارادوكستۇر. پارادوكسنىڭ كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزدىكى بىز ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشكە تىرىشقان ئىچكى توقۇنۇشقا يول قويۇشقا تەسەللى بولىدۇ. يەنى روھىي دۇنيادىكى ئىنسانلار قورقىدىغان ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئىلھام بېرىدۇ. چىڭ، مۇستەھكەم دېگەن مەنىدىكى سۇبات دېگەن سۆز ئاجىز دېگەن سۆزنىڭ مۇقابىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئىنقىلاپ كېلىشى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. لېكىن، بىز ئەسەرنى ئازراق ئوقۇغاندىن كېيىنلا، ھۆكۈم ۋە چاقىرىق خاراكتېرلىك جۈملىلەر بىلەن تولغان تېكىستكە قاراپ بۇ خىل پارادوكسنىڭ ئەمەلىيەتتە بابا رەھىم مەشرەب ۋە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىدىكى پارادوكس بىلەن ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مەشرەبنىڭ شېئىرلىرىدىكى تېگى يوق ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك بىزنىڭ ئېڭىمىزدا ئۇنىڭ ئوبرازىنى ھېچقانداق قىممەتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان شەخس سۈپىتىدە شەكىللەندۈرسە، ئۇنىڭ مۇتلەق ئېتىقادى ۋە بۇ ئېتىقادتىن پەيدا بولغان چېكىدىن ئاشقان مەغرۇرلۇق بىزنى ئۇنىڭ روھىي سەرسانلىقىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. دېمەك، مەشرەب دۇچ كەلگەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلە مەلۇم قىممەتنىڭ مۇتلەقلىقىدىن قېچىش بىلەن شۇ خىل قىممەتنىڭ بەكمۇ مەۋھۇم بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇشتۇر. «سەباتۇل ـ ئاجىزىن»دا بۇ خىل قىممەت تامامەن مۇتلەق ھالەتتە بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئازابى پەقەت بۇ خىل قىممەتنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگە ئايلانمايۋاتقانلىقى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ يىراق مەنزىلنى ئىزدەش جەريانىدا روھىي خاتىرجەملىكنى يوقىتىۋاتقانلىقىدۇر. بۇ ئازاب مەشرەب ئازابىنىڭ تامامەن تەتۈرسىچە.

(ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتى)



# تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى دىۋان ئەدەبىياتى

ئابدۇغېنى مۇھەممەت

دىۋانچىلىق ھادىسىسى ياكى دىۋان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىزچىل بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشقان ئالاھىدە ئەدەبىي ھادىسە، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تۈركىي، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ.

«دىۋان» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى تەكشۈرگەندە، بۇ سۆزنىڭ پارسچە ئاتالغۇ ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»تە: «شېئىرىي توپلام، سوت مەھكىمىسى، سوت كوللېگىيەسى، (سۇدان خانلىق كېڭەشتىكى) ۋەزىرلەر مەجلىسى؛ كىرىسلو، يۇقلىما دەپتەر، قورۇ ـ ھويلا» دەپ ئالتە خىل مەنىسى بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ لۇغەتتە: «دىۋانبېگى، دىۋانخانا، دىۋان نەۋىس (ھۆججەتنى بىر تەرەپ قىلغۇچى)، دىۋانە بازى، دىۋان (سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈمەت، دۆلەت، ئوردا، دۆلەت خەزىنىسى، ئوردا ياساۋۇل بېشى، بىر خىل خەت شەكلىنىڭ ئىسمى)» قاتارلىق مەنىلەردە ئىزاھلانغان [1]. بۇ سۆز ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ تىللىرىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. يېڭى ئەرەبچە ـ خەنزۇچە چوڭ لۇغەتتە: «شېئىرلار توپلىمى، مەجمۇئە، خاتىرىلەش دەپتىرى، كىتاب، مەھكىمە، شەرىئەت مەھكىمىسى، مەمۇرىي ئىدارە ـ ئورگان، ۋەزىر، خەزىنە بېگى دەپ ئىزاھلانغان»[2]. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز تارىخىي مەنبەلەرگىمۇ نەزەر سالغىنىمىزدا، «دىۋان» ئاتالغۇسىنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. بۇ سۆز كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەردە پەرقلىق ھەم پەرقسىز ھالدا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەن. «دىۋان» ئەسلىي پارسچە سۆز بولۇپ، ئۇ ئىسلام يۈرۈشلىرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئەرەب تىلىغا ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن باشقا شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرى تىللىرىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ سۆز ئەدەبىيات بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، سىياسىي ھەم ئىلمىي ساھەلەرگىچە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھەرقايسى تىللارغا قوبۇل قىلىنىش جەريانىدا، مەنە دائىرىسى بەزىدە كېڭىيىپ، بەزىدە تارىيىپ بارغان. يەنى دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى، ئوردا، مەھكىمە، ئىشخانا، ئورگان، ۋەزىر، كاتىپ، چوڭ رەھبەرلەرنىڭ يىغىن ئاچىدىغان ياكى ئۇچرىشىدىغان جايى، تاموژنا، ئاخىرەتتىكى سوراق قىلىنىدىغان ئېگىز يەر (دىۋانى ئىلاھى، دىۋانى جازا) قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. «دىۋان» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئەڭ دەسلەپكى دىۋاننى قەدىمكى سۈرىيە ۋە مىسىردىكى ھېسابات دەپتىرىگە باغلاشقا بولىدۇ. كېيىنچە ئىرانلىقلار بۇ ھېسابات دەپتىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى «دىۋان» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان[3].

«دىۋان» ئاتالغۇسىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئىران ھۆكۈمدارى نوشىرىۋاننىڭ ئىران ئىمپېراتورلۇقىنى ئىدارە قىلىشقا قاتناشقان دۆلەت مەمۇرلىرى (خىزمەتچىلىرى)نى ‹دىۋان› (قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ كىشىلەر) دەپ ئاتىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. بىراق ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا قارايدىغان بولساق، ‹دىۋان› دەپ ئاتالغان بۇ ئورگاننىڭ تۆت خەلىپە دەۋرىدىلا، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر دەۋرى (634 ـــ 644)دىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ «دىۋان» تەسىس قىلغۇچى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (582 ـــ 645) بولۇپ، ئۇ ئەسكەرلەر دىۋانى (قوشۇن دىۋانى)نى قۇرغان. ئابباسىيلار دەۋرى (750 ـــ 1258)گە كەلگەندە، ئۇمەييەلەرنىڭ دىۋان سىستېمىسى كېڭەيتىلگەن ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان. بۇ مەزگىلدە يەنە يېڭى دىۋانلار تەسىس قىلىنغان، دىۋانلارنىڭ ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئېنىق ئايرىلغان. فاتىمىيلار دەۋرىدە، ئۇ دىۋانلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يەنە بىر قىسىم ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزگەن. دىۋانۇل رەسائىل فاتىمىيلار دەۋرىدىن باشلاپ دىۋانۇل ـ ئىنشا دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. 11 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردە مالىيە ئىشلىرىنى دىۋانۇل ـ زىمەن باشقۇرغان. دېمەك، ‹دىۋان› سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە ئورنى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي ۋە يەرلىك ئاپپاراتلىرىدىكى يېڭىدىن قوشۇلغان، تەسىس قىلىنغان ئورگانلارنىڭ ھەممىسى، مەيلى ئۇ قايسى ساھەگە تەۋە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ‹دىۋان› نامى بىلەن ئاتىلىۋەرگەن. ئىراندا ‹دىۋان› سۆزى مەركىزىي ھۆكۈمەتنى كۆرسىتىپ ھەر خىل مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆز مەركىزىي ھۆكۈمەتنى كۆرسەتكەندە، كونكرېت نامى ‹دىۋانى ئالىي› ئىدى. ‹دىۋان› سۆزى ھىندىستانغا ‹ھۆكۈمەت ئورگىنى› مەنىسى بىلەن غەزنەۋىيلەر لاھوردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە كىرگەن» [4]. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىلغان شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە «ئەمىر تۆمۈرنىڭ باخشىلىق خىزمىتىنى دۆلەتشاھ باخشى ئۇيغۇر ئۆز ئۈستىگە ئالدى ھەمدە «... ئەمىر تېمۇر (1368/1369 ـ يىللىرى) خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تارتۇقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمىرلىرىنى ھەر خىل ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن چاغدا، دۆلەتشاھ باخشىنى دىۋان ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىدى»[5]. ئۇنداق بولسا تۈركىي تىللىق خەلقلەردە «دىۋان» ئاتالغۇسى قانداق مەنىلەرنى بىلدۈرگەن؟ بۇ سۆزنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئومۇملاشقان مەنىسى دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، مەدەنىيەت، سىياسىي، ھەربىي قۇرالى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن تۈركىيەلىك دوكتور رىشات گەنجىنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمى مەركىزىي ۋە يەرلىك تەشكىلاتلار دېگەن مەزمۇن A، B ۋە C دىن ئىبارەت ئۈچ تۈر بويىچە بايان قىلىنغان بولۇپ، B تۈر ۋەزىر، مەركىزىي ۋە يەرلىك تەشكىلاتلار دېگەن تېمىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كىچىك تۈرىدە بۈيۈك دىۋان ۋە باشقا دىۋانلارنىڭ نامى ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى شەكلى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان[6]. ئەبۇلغازى باھادىرخان ھاياتىدا ئىككى مۇھىم تارىخىي ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ بىرى «شەجەرەئى تەراكىمە» (تۈركمەنلەر شەجەرىسى)، يەنە بىر ئەسىرى «شەجەرەئى تۈرك» بولۇپ، دىۋان ئاتالغۇسىغا ئائىت قىسمەن ئۇچۇرلار ئۇچرايدۇ. «شەجەرەئى تۈرك»تە: «ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركىي تىلى بىلەن ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. دەپتەردارلىقنى، دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانىسىدا ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان ۋە ئىراقتا دىۋانلار ۋە دەپتەردارلارنىڭ بارچىلىرى ئۇيغۇر ئىدى. چىڭگىزخان

ئوغلانلىرى دىۋان ۋە دەپتەردارلارنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قويادتى.»[7] دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە: «دىۋان ‹دېۋان›، (پ) ‹كۆپلۈكى: دەۋايىن›، 1. دەپتەر؛ دىۋان، توپلام؛ مەجمۇئە؛ 2. دۆلەت مەھكىمىسى، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى؛ 3. دۆلەت ھېسابات مەھكىمىسى؛ 4. ئوردا، ساراي، قەسىر دېگەن مەنىلەردە، ئۇنىڭدىن باشقا دىۋان باشى (دىۋان باشلىقى)، دىۋانبېگى (ۋەزىر، باش كاتىپ)، سەفھەئى دىۋان (دىۋان بېتى)، ھۆسن دىۋانى (گۈزەل چېھرىسى)، دىۋانە (ئەقلىدىن ئازغان)، دىۋانەسار (سەۋدايىلەر)، دىۋانخانە (دۆلەت كاتىبات مەھكىمىسى)، دىۋانىي (دىۋانغا تېگىشلىك، مەھكىمىگە تەۋە) دەپ ئىزاھلانغان[8]. «ئۇيغۇرلار كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»تە: «دىۋان (دېۋان) چوڭ يىغىن، مەجلىس؛ مەھكىمە؛ بىرەر شائىرنىڭ ھەر تۈرلۈك شېئىرلىرىنى يىغىپ، كىتاب قىلىپ چىقىرىلغان توپلام؛ دۆلەتنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرى يېزىلىدىغان دەپتەر؛ دۆلەتنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى دەپتەردارلار ياكى ۋەزىر، دۆلەت مەھكىمىسى ئىشخانىسى، دىۋانبېگى (باش كاتىپ)، دىۋانە (ئەقلىدىن ئاداشقان)، دىۋانخانە (يېزىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە)، دىۋانى (دىۋانغا تېگىشلىك) دەپ چۈشەندۈرۈلگەن[9]. ئابدۇرەھىم نىزارى زۇھۇرىدىن ھېكىمبەگنىڭ دىۋانخانىسىدا باش پۈتۈكچى بولغان.

دېمەك، «دىۋان» ئاتالغۇسى چوڭ يىغىن، مەجلىس، مەھكىمە، ئوردا، ئىشخانا، شېئىرلار توپلىمى، كاتىپ، دۆلەت كىرىم ـ چىقىملىرى يېزىلىدىغان دەپتەر، لۇغەت، خەت ـ چەكلەر توپلىمى، پۈتۈكچى، دۆلەت كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى دەپتەردارلار، ۋەزىر، دۆلەت مەھكىمىسى ئىشخانىسى، كاتىبات ئىشخانىسى، خان ـ پادىشاھ تۇرىدىغان ئۆي، خانا، كىرىسلو دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن.

«دىۋان»نىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە بىلدۈرگەن مەنىسى بولسا، دەپتەر، توپلام، شېئىر توپلىمى، لۇغەت، مەجمۇئە بولۇپ، ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ دىۋان تۈزۈش توغرىسىدا مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «دىۋاندا شېئىرلار قاپىيە ۋە رادىپلارنىڭ ئاخىرقى ھەرپلىرىدىكى ئەرەب ئېلىپبەسى تەرتىپىدە جايلاشتۇرۇلىدۇ. ئادەتتە غەزەل شەكلىدىكى شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن دىۋانلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇ دىۋان تۈزۈشتە بىردىنبىر شەرت ئەمەس، دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ ھەممىسى غەزەل بولۇشى ناتايىن، ئۇنىڭغا شائىرنىڭ باشقا ژانىرىدىكى شېئىرلىرى، مەسىلەن، قەسىدە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مەسنەۋى، مۇرەببە، رۇبائىي، تۇيۇق، قىتئە، تەرجىئبەند، تەركىبەند، فەرد، مۇئەممىا قاتارلىقلارمۇ كىرگۈزۈلىدۇ»[10]. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»تە «بىرەر شائىرنىڭ ھەر تۈرلۈك شېئىرلىرىنى يىغىپ كىتاب قىلىپ چىقىرىلغان توپلام»[11] دېيىلگەن. مېنىڭچە بىرقەدەر ئورتاقلاشقان ئېنىقلىما بولسا مەلۇم شائىرنىڭ غەزەللىرىنى ئاساس قىلىپ، شېئىرلارنىڭ قاپىيە ۋە رادىپلارنىڭ ئاخىرقى ھەرپلىرىگە قاراپ مەلۇم تىلنىڭ ئېلىپبەسى تەرتىپىدە جايلاشتۇرۇلغان شېئىرلار توپلىمى شۇ شائىرنىڭ دىۋانى بولغان. تۆۋەندە تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر دىۋان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

**1. «دىۋانى ھاپىز» يەنە بىر ئىسمى «دىۋانى ھافىز تۈركىي»**

ھاپىز خارەزمىينىڭ ئىسمى ئەبدۇرەھىم بولۇپ، خارەزمدە ياشىغان بولغاچقا «خارەزمىي» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. «ھاپىز»ھاپىزلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىق ئەھۋالىغا قاراپ قوشۇلغان ئىسىم بولسا كېرەك. شائىر 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان. ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان

«دىۋانى ھاپىز» ناملىق توپلىمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، پۈتۈنلەي لىرىك شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن. توپلامنىڭ تىلى تولىمۇ گۈزەل ۋە پاساھەتلىك، ئوخشىتىشلىرى جازىبىدار، لىرىك، ئوبرازلىرى يارقىن ۋە تەمكىن[12]. مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەتنىڭ تارىم ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىكى «ھافىز خارەزمىي ۋە ئۇنىڭ دىۋانى» ناملىق ماقالىسىدە: ««دىۋانى ھافىز تۈركىي»، چاغاتاي ئەدەبىياتىدا لىرىك شېئىرىيەت بويىچە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹خەزائىنۇل ـ مەئانى› دىۋانى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ زور يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دىۋانغا جەمئىي 1052 غەزەل، 1 مۇخەممەس، 2 مۇستەھزاد، 4 تەركىببەند، 3 تەرجىئبەند، 33 قىتئە، 11 رۇبائىي كىرگۈزۈلگەن. پۈتكۈل دىۋان جەمئىي 18612 بېيت (37264 مىسرا) شېئىردىن تەشكىل تاپقان» دېيىلگەن.

2. «دىۋان لۇتفى»

مەۋلانا لۇتفى (1366 ــ 1465) خوراسان رايونىدا تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ قايتىدىن جانلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا بايراقدار بولغان چوڭ شائىرلارنىڭ بىرى. تارىخىي ماتېرىياللاردا لۇتفىنىڭ پارس ـ تاجىك تىلى ۋە ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىدا 20دىن ئارتۇق ئەسەر يازغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئەمما، كېيىنكى كىشىلەر ئۈچۈن «دىۋانى لۇتفى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى، «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانى، «مەشھۇنۇل ـ ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر شەرھى) ناملىق ئەسىرىلا ساقلىنىپ قالغان[13]. لۇتفى ئەسەرلىرىنى ئۆز ئانا تىلى ۋە پارس تىلىدىن ئىبارەت ئىككى تىل بىلەن يازغان. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن پۈتۈن خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە زور شۆھرەت قازانغان. دىۋانلىرى ئىران ۋە خوراسانغىچە بولغان جايلارغا كەڭ تارقالغان. لۇتفىنىڭ پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئەمما، ئۆز ئانا تىلىدىكى دىۋانىنىڭ بىرقانچە مۇكەممەل قول يازما نۇسخىلىرى بار. بۇ نۇسخىلار ھازىر لېنىنگراد، تاشكەنت، ئىستانبۇل، لوندون قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. يالغۇز ئۆزبېكىستان دۆلەت مۇزېيىدا لۇتفى دىۋانلىرىدىن تۆت نۇسخا ساقلىنىۋاتىدۇ. يۇقىرىقى قول يازمىلار 280 پارچە غەزەل، 40 پارچىغا يېقىن رۇبائىي، قىتئە، تۇيۇق؛ ئىككى پارچە قەسىدە؛ چوڭ ھەجىمدىكى «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[14]. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا لۇتفىنىڭ لىرىكىلىرىدىن «جەمالۇ ھۇسنۇڭە سۆز يوق، ۋەفا كېرەك بولسە» دەپ باشلانغان بىر پارچە غەزەل ۋە «تونغا سىغماسمەن فەرەھدىن گۈل كەبى» دەپ باشلانغان قىتئەلەر بېرىلگەن[15].

3. «دىۋانى سەككاكىي»

سەككاكىي 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 15 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ بىرى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» نامىلىق كىتابتا: «تالانتلىق شائىر سەككاكىينىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر دىۋانى بولۇپ، بۇ دىۋان ھازىر قول يازما ھالىتىدە بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. دىۋاندا ئېلىپ (ئەلىف)تىن نۇن (ن)غىچە بولغان رادىپلىق غەزەللىرى يوق. دىۋان شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىتاب تۈزۈش تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن. يەنى ئەڭ ئاۋۋال ئاللاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەرلەرگە نەئت بىلەن باشلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن خوجا مۇھەممەد پارسا ۋە خىلىل سۇلتان نامىغا بىردىن قەسىدە بېغىشلىنىدۇ. مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋە ئارسلان خوجا تارخانناملىرىغا تۆتتىن قەسىدە بېغىشلانغان. پۈتۈن دىۋان 12 قەسىدە ۋە 50 تىن ئارتۇق غەزەلدىن تەركىب تاپقان»[16] دېيىلگەن.

### 4. «دىۋانى شەيخزادە ئاتايى»

ئاتايى 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شائىر بولۇپ، ئۇ ئۆمرىنى ھىرات ۋە بەلخ قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزگەن. 15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى ئاتايى ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ راۋاجلانغان دەۋرى بولۇپ، شائىر بۇ دەۋرنى ھىرات، سەمەرقەند ۋە بەلخ قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ئۆتكۈزگەن. تالانتلىق شائىر ئاتايىنىڭ بىرلا شېئىرىي دىۋانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. بۇ يېگانە قول يازما نۇسخا ھازىر رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پېتېربۇرگ بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. «دىۋانى شەيخزادە ئاتايى» 260 غەزەلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ غەزەللەرنىڭ ئاساسىي قىسمى مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان لىرىكىلاردىن ئىبارەت[17].

### 5. «دىۋانى گەدائى»

مەۋلانا گەدائى 15 ـ ئەسىردىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بىرى. نەۋائىي «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە: «مەۋلانا گەدائى ــ تۈركىيگۇيدۇر، بەلكى مەشھۇرلىرىدىندۇر. بابۇر مىرزا زامانىدا شېئىرلىرى شۆھرەت تاپتى»[18] دېگەن. گەدائىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يېگانە دىۋانى پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. دىۋاندىن تاللاپ ئېلىنغان 50 پارچە غەزەل 1961 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئېكمان تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. دىۋاننىڭ پارىژ قول يازمىسى ئاساسىدىكى تولۇق نەشرى 1973 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشردىن چىققان. دىۋان غەزەل، بىر مۇستەھزاد ۋە قەسىدە قاتارلىق شېئىرىي تۈرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شائىر ئۆز قەسىدىسىنى ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان خەلىل سۇلتانغا بېغىشلىغان[19]. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا گەدائىنىڭ: «ئاھكىم، دىۋانە كۆڭلۈم مۇبتەلا بولدى يانا» دەپ باشلانغان ۋە «ئەي كۆڭۈل، دىلبەر خەيالى چۇنكى ھەمدەمدۇر ساڭا» دەپ باشلانغان ئىككى پارچە غەزىلى بېرىلگەن[20]. دىۋان نامى شائىرنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئېلىنغان.

### 6. «دىۋانى ۋەفائى»

«ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» كىتابىدا: «مىر ئەلىشىر نەۋائىي ھىرىدىن (ھىرات) دىن سەمەرقەندكە كەلسىلا ئەھمەد ھاجىبەگ بىلەن بىللە بولاتتى. ئەھمەد ھاجىبەگ ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق دۆلەت ئەربابىلا ئەمەس، بەلكى شېئىرىي دىۋانى بار مەشھۇر شائىر ئىدى. ئۇيغۇر 12 مۇقام تېكىستلىرىدە ‹ۋەفائى› تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ بىرقانچە كۇپلېت غەزەللىرى ئورۇن ئېلىپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇغەزەللەرنى ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىمىز» دېيىلگەن. بۇ كىتابتا ئىككى پارچە غەزىلى بېرىلگەن[21]. بىز بۇنىڭدىن ئەھمەد ھاجىبەگ ئاتلىق شائىرنىڭ تەخەللۇسى «ۋەفائى» ئىكەنلىكىنى، شېئىرىي دىۋان بىلەن مەشھۇر ئىكەنلىكىنى، بىرقانچە كۇپلېت غەزىلىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. دىۋان نامى بېرىلمىگەچكە مەن دىۋان نامىنى شائىرنىڭ تەخەللۇسى بىلەن ئالدىم.

### 7. «ئىلىك دىۋان»

ئابدۇرەھىم سابىتنىڭ: «ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ‹ئىلىك دىۋانى› ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە بۇ دىۋان ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن، يەنى بۇ ماقالىدە: «نەۋائىينىڭ تۇنجى دىۋانى ھازىرقى لېنىنگراد شەھىرىدىكى ‹سالتىكوۋشىدرىن› نامىدا ئاتالغان دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا 564 ـ نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتقان ‹ئىلىك دىۋان› دەپ ئاتالغان قول يازما دىۋاندىن ئىبارەت. بۇ دىۋاننىڭ قول يازمىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى ‹ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەلىشىر

نەۋائىي نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ نۇسخىنى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پىروفېسسور ھەمىد سۇلايماننىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ئۆزبېكىستان س. س. ر. «پەن» نەشرىياتى 1968 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلغان[22].

8. «خەزائىنۇل ـ مەئانىي» (تۆت توپلام)

بۇ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسىرى بولۇپ، نەۋائىي (1441.2.9 ـــ 1501.1.3) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ھەم پەن ـ مەدەنىيەت جەڭچىسى. ئۇنىڭ 30 پارچىغا يېقىن ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. «خەزائىنۇل ـ مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى)، «چاھار دىۋان» (تۆت توپلام دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شائىرنىڭ پۈتكۈل تۈركىي تىلىدىكى شېئىر توپلىمى بولۇپ، 1491 ـ، 1498 ـ يىللىرى دىۋان قىلىپ تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (ئۆسمۈرلۈك غارايىپلىرى)، «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، «فەۋايىدۇل ـ كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) قاتارلىق تۆت توپلامدىن تۈزۈلگەن، لىرىك شېئىرىيەتنىڭ 16 خىل ژانىرىدا يېزىلغان نۇرغۇن ھەجىمدىكى شېئىرلار بار[23].

يەتتە ياشتىن يىگىرمە ياشقىچە بولغان دەۋرنى «بالىلىق چاغلىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئۆمۈر پەسىللىرىنىڭ نەۋباھارى ۋە ھايات گۈلشەنىنىڭ گۈلزارى» دەپ تەرىپلىگەن ھەمدە بۇ مەزگىلگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (بالىلىق غارايىپلىرى) دىۋانىغا كىرگۈزگەن. يىگىرمە ياشتىن ئوتتۇز بەش ياشقىچە بولغان دەۋرنى «يىگىتلىك زامانى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئۆمرىنىڭ ياز پەسلى ۋە يىگىتلىك بۇلىقى» دەپ سۈپەتلىگەن ھەمدە مۇشۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىنى «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) دىۋانىغا توپلىغان؛ ئوتتۇز بەش ياشتىن قىرىق بەش ياشقىچە بولغان دەۋرنى «ئوتتۇرا ياشلىق كۈنلىرى» دەپ قىياس قىلىپ، ئۇنى «ئۆمۈرنىڭ خازان پەسلى، يەنى تىرىكلىك بېغىنىڭ يوپۇرماق تاشلايدىغان چېغى» دەپ تەرىپلەيدۇ ھەمدە مۇشۇ مەزگىلگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) دىۋانىغا كىرگۈزىدۇ؛ قىرىق بەش ياشتىن ئاتمىش ياشنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان دەۋرنى «ئۆمۈرنىڭ قىش پەسلى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئىنساننىڭ ئەدەم (يوقلۇق) يولىغا كىرىپ، زامان ئەھلى بىلەن خەيرلىشىدىغان ۋاقتى» دەپ تەرىپلەيدۇ ھەمدە بۇ ھەقتە دۇئا تەرىقىسىدە يازغان شېئىرلىرىنى «فەۋايىدۇل ـ كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دىۋانىغا توپلايدۇ. بۇ دىۋانلارنىڭ ئومۇمىي نامى «خەزائىنۇل ـ مەئانى» دەپ ئاتالغان. بۇ دىۋان خەلق ئارىسىدا «چاھار دىۋان» (تۆت دىۋان) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «خەمسە» شەرق ئەدەبىياتىدا داستانچىلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارالسا، «چاھار دىۋان» (خەزائىنۇل ـ مەئانى) تۆت دىۋاندىن تۈزۈلۈپ، دىۋانلارنىڭ يۈيۈك ئابىدىسىنى تىكلەپ بەرگەن.

بۇ دىۋان ئۇيغۇر دىۋانچىلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. تېيىپجان ئېلىيوپ بۇ دىۋان ئاساسىدا 1982 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 260 غەزەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «غەزەللەر» ناملىق كىتابنى نەشرگە تەييارلاپ نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتابتا غەزەللەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ترانسكرىپسىيەسى بىلەن يەشمىسى بېرىلگەن[24].

9. «دىۋانى فانى»

«بابۇرنامە»دە: «ئەلىشىر بەگ نەۋائىي پارسىي دىۋانمۇ تۈزۈپتۇ، پارسىي نەزمدە ‹فانى› تەخەللۇسىنى

قوللىنىپتۇ»[25]. دېيىلگەن. نەۋائىي ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىمۇ پىششىق بىلگەن. پارس تىلى بىلەن 12 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق «دىۋانى فانى» ئەسىرىنى ۋە باشقا ئەسەرلەرنى «فانى» تەخەللۇسى بىلەن يازغان [26].

**10. «دىۋانى ھۇسەينى»**

تونۇلغان دۆلەت ئەربابى، ئەدىب ھۇسەيىن بايقارا بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن بىرگە 15 ـ ئەسىر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھۇسەيىن بايقارا 1438 ـ يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. ھۇسەيىن بايقارانىڭ «ھۇسەينى» تەخەللۇسى بىلەن يازغان غەزەللىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋانى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، دىۋاندىكى غەزەللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېينى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن خاراكتېرلىك بولغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا ھۇسەيىن بايقارانىڭ تۆت پارچە غەزىلى بېرىلگەن[27]. دىۋان نامى شائىرنىڭ تەخەللۇسى بىلەن ئېلىنىدى.

**11. «دىۋانى سەييىد ئەھمەد»**

شائىر سەييىد ئەھمەد ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مىرانشاھنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ياشىغان دەۋرى 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىنىڭ يەتتىنچى مەجلىسىدە توختىلىپ: «سەييىد ئەھمەد مىرزا ــ تەبىئىتى ساغلام، زېھنى ساپ كىشى ئىدى. شېئىرىيەتنىڭ غەزەل ۋە مەسنەۋى تۈرلىرىدە ھەم تۈركىي، ھەم پارسچە خېلى مەشھۇر نەزمىلىرى بار، غەزەللىرىدىن تۈزگەن دىۋانىمۇ بار. مەسنەۋى ئىچىدە ‹لەتافەتنامە› ئۇنىڭ ئەسىرى ...» دەپ يازغان. يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز سەييىد ئەھمەدنىڭ تۈركىي ۋە پارسىيدىن ئىبارەت ئىككى تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز دەۋرىدىلا تونۇلغان شائىردىن بولغانلىقىنى بىلىمىز. بىزگە پەقەت ئۇنىڭ «تەئەششۇقنامە» ناملىق داستانى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، نەۋائىي «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»تا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن غەزەللەر دىۋانى بىلەن مەسنەۋى شەكلىدىكى «لەتافەتنامە» ناملىق ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن[28]. نەۋائىي «غەزەللەر دىۋانى» دەپ ئاتىغاچقا، دىۋان نامىنى شائىر نامى بىلەن «دىۋان سەييىد ئەھمەد» دەپ ئاتىدىم.

**12. «دىۋانى بابۇر»**

زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر 1483 ـ يىلى فەرغەنە ۋىلايىتىنىڭ ئاخسى دېگەن يېرىدە تۆمۈرىيلەر ئەۋلادىدىن بولغان ئۆمەر شەيخ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1530 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھىندىستاندا ۋاپات بولغان. ئۆمەر شەيخنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سەئىد مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرانشاھ مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمىر تۆمۈردۇر. بابۇر ئانا تەرەپتىن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر بىلەن بىر نەۋرە بولىدۇ. چۈنكى، بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇقنىگار خانىم، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخان، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئانىسى خۇبنىگار خانىملارنىڭ ھەممىسى چاغاتاي ئەۋلادىدىن يۇنۇسخاننىڭ بالىلىرى ئىدى (بابۇرنىڭ نەسەبى كېلىپ چىقىشىغا قاراپ بەزى مەنبەلەردە، مەسىلەن، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» (گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ توم 1658 ـ بەت)دە «ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ» دەپ يېزىلغان). بابۇر ئۆزىنىڭ

تۇنجى شېئىرىي دىۋانىنى 1519 ـ يىللىرى ھىندىستاندا تۈزگەن. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بارلىق لىرىك مىراسىنى، يەنى ئىككى دىۋانغا كىرگەن ۋە كىرمەي قالغان شېئىرلىرىنى تولۇق دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرگەن، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تولۇق دىۋانىنىڭ تەقدىرى ھازىرغىچە نامەلۇم[29]. دىۋان نامى ئەدىب نامى بىلەن ئېلىنىدى. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا بابۇرنىڭ «ياغلىقىڭكىم، جان بىلە مەن خەستەدۇرمەن زار ئاڭا» دەپ باشلانغان بىر پارچە غەزىلى بېرىلگەن[30].

ئىزاھاتلار ۋە پايدىلانمىلار


[1] بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى پارس تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سودا نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى بېيجىڭ، 1110 ـ بەت.

[2] ۋاڭ پېيۋېن: «يېڭى ئەرەبچە ـ خەنزۇچە چوڭ لۇغەت»، سودا باسما نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 660 ـ بەت.

[3] [4] [10] ئاسىيە مۇھەممەدسالىھ: «دىۋان سۆزىنىڭ مەنە قاتلىمى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانى، 68 ـ، 69 ـ بەتلەر.

[5] شەرەفىددىن ئەلى يەزدى: «زەپەرنامە» (ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 228 ـ بەت.

[6] رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 335 ـ، 336 ـ بەتلەر.

[7] ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي، 35 ـ بەت.

[8] مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمايىل قادىر، ئابلىمىت ئەھەت: «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. 287 ـ، 288 ـ بەتلەر.

[9] [11] غۇلام غوپۇر، مۇھەممەت تۇرسۇن ئىبراھىمى، خوجا ئەخمەت يۇنۇس: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 263 ـ بەت.

[12] غەيرەتجان ئوسمان باش بولۇپ تۈزگەن: «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 97 ـ بەت.

[13]، [15]، [18]، [20]، [21]، [23]، [26]، [27]، [28]، [29]، [30] غەيرەتجان ئوسمان باش بولۇپ تۈزگەن: «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 140 ـ، 144 ـ، 150 ـ، 152 ـ، 153 ـ، 155 ـ، 158 ـ، 160 ـ، 167 ـ، 170 ـ، 172 ـ، 173 ـ، 175 ـ، 182 ـ، 183 ـ بەتلەر.

[14]، [16]، [17]، [19] ئىمىنجان ئەھمىدى تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، 81 ـ، 84 ـ، 85 ـ، 88 ـ، 97 ـ بەتلەر.

[22] ئابدۇرەھىم سابىت: «ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ‹ئىلىك دىۋانى› ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، قەشقەر ئەدەبىياتى، 2002 ـ يىلى 2 ـ سان، 107 ـ، 108 ـ بەتلەر.

[24] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 319 ـ بەت.

[25] ئابدۇراخمان توختى: «نەۋائىينىڭ ‹غەرايىبۇس ـ سىغەر› دىۋانى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، 2010 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئوقۇلغان، ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسى، 42 ـ بەت.


(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)




قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىي تۇرمۇش ھەم تېببىي ساقلىقنى ساقلاش ساھەلىرىگە تېخىمۇ مۇجەسسەملەنگەن. مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈركىي تىللىرىنىڭ قامۇسى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كېلىپلا قالماي، بەلكى يىراق قەدىمكى زامان تۈركىي جەمئىيەتلىرىنىڭ تېبابەتچىلىك ساھەسىدىنمۇ مول مەلۇمات بېرىش نامىدا مەيدانغا كەلگەن قامۇس دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ لۇغىتىدە تېبابەتچىلىك، داۋالاش ساھەسى بويىچە بىر قىسىم كېسەللىك تۈرلىرى، مەسىلەن، كۆز ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى، ئاشقازان كېسەللىكى، يەل كېسەللىكى، تولغاق، پوقاق ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى، كېسەللىكناملىرى، كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدىغان دورىلار، ئۇنىڭ چىقىش ئورۇنلىرى، رولى، تەييارلىنىش ئۇسۇلى، شۇنداقلا بىر قىسىم تائاملارنىڭ قايسى كېسەلگە شىپا قىلىدىغانلىقلىرىمۇ كۆرسىتىلگەن. دىۋاندا ئادەمنىڭ مىجەزى ۋە تەبىئىتى — «تادۇ» ( دىۋان 3 - توم 304 - بەت) دەپ تىلغا ئېلىنسا؛ كېسەللەر «ئىگ» (كېسەل. دىۋان 1 - توم 67 - بەت)، «توغا» (كېسەل، كېسەللىك. بەدەننىڭ بىمارلىقى. ئىگ توغا — كېسەللىك، بەدەننىڭ بىمارلىقى. دىۋان 3 - توم 310 - بەت)، «كەم» (كېسەل. ئات كەملەندى — ئات كېسەل بولدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. دىۋان 1 - توم 440 - بەت) دەپ؛ دورىلار « ئوت» (دورا ئوت. دورا ئىچتىم. تېۋىپ مەنىسىدىكى «ئوتاچى» دېگەن سۆز ئەنە شۇ سۆزدىن ياسالغان. دىۋان 1 - توم 48 - بەت) دەپ؛ داۋالاش ئىشلىرى «ئەم» (ئەم، داۋا. داۋالىغۇچىنى «ئەمچى» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان. دىۋان 1 - توم 53 - بەت) دەپ؛ كېسەل داۋالىغۇچى - تېۋىپ («ئوتاچى»، «ئاتا ساغۇن — تېۋىپ». دىۋان 1 - توم 117 - بەت) دەپ؛ مەلۇم دورىلار بىلەن داۋالىنىش جەريانىدا ئۇنىڭ پايدا - مەنپەئەت قىلغانلىقى ۋە كېسەلنىڭ شىپا تاپقانلىقى «تۇسۇ» (پايدا، شىپا. ئول ئوت ماڭا تۇسۇ قىلدى — ئۇ ئوت ‹دورا› ماڭا پايدا قىلدى. دىۋان 3 - توم 309 - بەت)، «تۇسۇتتى» (شىپا بولدى، پايدا قىلدى. بۇ ئوت ماڭا تۇسۇتتى — بۇ ئوت ‹دورا› ماڭا پايدا قىلدى. دىۋان 1 - توم 160 - بەت) دەپ ئىزاھلىنىدۇ. دىۋاندىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش داۋالاش ۋە كېسەللىك ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن يەنە تۆۋەندىكىلەرنى ئۇچرىتىمىز.

**ئەۋشۈك:** چاپلاشقاق كېسەللىك (دىۋان 1 - توم 142 - بەت).

**باش:** يارا، جاراھەت (دىۋان 3 - توم 207 - بەت).

**چەرلەندى:** كېسەل بولدى، ئاغرىدى، ئېغىرلاشتى. ئەر ئۆزى چەرلەندى — ئادەمنىڭ تېنى ئاغرىدى

(كېسەل بولدى)، ئېغىرلاشتى (دىۋان 2 ـ توم 355 ـ بەت).

ئىگلەدى: يىگلىدى، كېسەل بولدى. ئەر ئىگلەدى ـــ ئادەم كېسەل بولدى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق (دىۋان 1 ـ توم 378 ـ بەت).

ئىگلەندى: ئاغرىقى تۇتتى، تولغاق يېدى. ئۇراغۇت ئىگلەندى ـــ خوتۇن تولغاق يېدى، ئۇنىڭ ئاغرىقى تۇتتى. بىر كىمنىڭ بىرئاز ئاغرىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 343 ـ بەت).

ئوت: ئوغا، زەھەر. بەگ ئاغار ئوت بەردى ـــ بەگ ئاغا ئوغا بەردى (دىۋان 1 ـ توم 49 ـ بەت).

تالاغۇ: ئۆتكۈر ئوغا، تېز ئۆلتۈرىدىغان زەھەر. تولغاق كېسىلىمۇ «تالاغۇ» دېيىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 583 ـ بەت).

ئەملەندى: داۋالاندى، ئادەم داۋالاندى، يەنى ئۆزىگە داۋا تاپتى (دىۋان 1 ـ توم 343 ـ بەت).

سۆگەندى: داۋالىدى. ئادەم سۆگەل داۋالىدى (دىۋان 3 ـ توم 412 ـ بەت).

قارتاندى: ئېغىز ئالدۇردى، داۋالىدى. ئەر قارتىن قارتاندى ـــ ئادەم يارىسىنى (چاقىسىنى) ئېغىز ئالدۇردى، يەنى داۋالىدى. «ئۆز يارائىنى داۋالا» دېگەن مەنىدە «ئۆز قارتىڭ قارتان» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن «ھەددىڭدىن ئاشما» دېگەن مەنە چىقىدۇ (دىۋان 2 ـ توم 361 ـ بەت).

ئەنۈچلەدى: ئوتاچى كۆزۈگ ئەنۈچلەدى ـــ تېۋىپ كۆز پەردىسىنى داۋالىدى، يەنى كۆز پەردىسىگە دورا سۈردى (دىۋان 1 ـ توم 394 ـ بەت).

چالقان: يارىنىڭ ئەدىشى، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە تارقىلىشى. مەسىلەن، ئادەمنىڭ پۇتلىرى ئىششىغاندا، تېقىمىغا بەز چۇشكەندەك (دىۋان 1 ـ توم 574 ـ بەت).

دىۋاندا تىلغا ئېلىنغان كېسەللىك تۈرلىرى

ئىق: ھىق. سوغۇق سۇ ئىچىپ، ئۇستىدىن نان يېگەندە مەيدىدىن چىقىدىغان ھىق. ئانى ئىق تۇتتى ـــ ئۇنى ھىق تۇتتى (دىۋان 1 ـ توم 53 ـ بەت).

ئۆز: گاس، پاڭ. ئۆز كىشى ـــ گاس ئادەم (دىۋان 1 ـ توم 62 ـ بەت).

تۇماغۇ: تۇمۇ، زۇكام (دىۋان 1 ـ توم 583 ـ بەت).

ئەنۈچ: كۆزگە ئۆسكەن گۆش پەردە (دىۋان 1 ـ توم 74 ـ بەت).

ئۇررا: ئەرلەردە بولىدىغان چىقىق كېسەللىكى. ئوغۇرچە (دىۋان 1 ـ توم 55 ـ بەت).

ئۆتۈك: ئۆتۈگ ـــ ئۆتۈك. ئىچ ئۆتۈش ۋە قۇسۇش كېسەللىكى. ئاغار ئۆتۈك تۇتتى ـــ ئاغا ئۆتۈگ كېسىلى تەگدى (دىۋان 1 ـ توم 93 ـ بەت).

ئانۇمى: ماخاۋ كېسەللىكى (دىۋان 1 ـ توم 185 ـ بەت).

ئاتغاق: قولۇنجى. قېرىندا سېرىق سۇ يىغىلىش كېسەللىكى. بىر خىل سېرىق چېچەكمۇ «ئاتغاق» دېيىلىدۇ. قايغۇدىن رەڭگى سارغايغان كىشىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىپ «ئاتغاق» دېيىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 160 ـ بەت).

ئىنەگۈ: كىندىك ئودۇلىدا پەيدا بولىدىغان يەل سانجىقىغا ئوخشاش بىر خىل كېسەللىك (دىۋان 1 ـ توم 185 ـ بەت).

ئۇزۇزلۇغ: ئۇزۇزلۇغ كىشى ـــ قىچىشقاق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشى (دىۋان 1 ـ توم 199 ـ بەت).

ئالاردى: ئالا بولدى. كىشىنىڭ ئەت يېنى ئالا بولدى، يەنى كىشىنىڭ بەدىنىدە ئاق كېسەل پەيدا بولدى

(دىۋان 1 ـ توم 241 ـ بەت).

تولغاق: تولغاچ، جاپا، ئەمگەك دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى تولغاقتۇر. ئۇنىڭ قارنى تولغىدى. يەنى قورسىقى تولغاپ ئاغرىدى (دىۋان 2 ـ توم 402 ـ بەت).

بەزگەك: بەزگەك (دىۋان 2 ـ توم 421 ـ بەت).

بەزىك: بەزگەك، تىترەك. ئول بەزىك بەزدى ـــ ئۇ قاتتىق تىترىدى (دىۋان 1 ـ توم 500 ـ بەت).

چىل: كۆك، تاياق ئىزى، تېرىگە چۈشكەن تاياق ئىزى (دىۋان 1 ـ توم 438 ـ بەت).

بارس: قاپارتقۇ. پىت، پاشا چېقىشتىن ياكى يەل تېششىتىن پەيدا بولغان ئىششىق. ئانىڭ ئەتى بارس بولدى ـــ ئۇنىڭ ئېتى «بەدىنى» قاپاردى (دىۋان 1 ـ توم 452 ـ بەت).

تۇتۇغ: تۇتقاقلىق. ئانىڭ تۇتۇغى بار ـــ ئۇنىڭ تۇتقاقلىقى بار (دىۋان 1 ـ توم 483 ـ بەت).

سارىغ: سېرىق. توق سېرىق نەرسە «ساپ» سارىغ دېيىلىدۇ. ئادەمدە بولىدىغان ئۆت كېسەللىكى، يەنى سەپرامۇ «سارىغ» دېيىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 484 ـ بەت).

قىرۇق: قىرۇق ئەر ـــ قولى سوغۇلۇپ كەتكەن ئادەم. قىرۇق ئازاق ـــ سوغۇلۇپ كەتكەن ئاياغ (دىۋان 1 ـ توم 496 ـ بەت).

سىش: ئىششىق (دىۋان 3 ـ توم 174 ـ بەت).

چەكەك: چېچەك كېسەللىكى. چىگىلچە (دىۋان 1 ـ توم 504 ـ بەت).

كەزىك: سېرىق كېسەل (دىۋان 1 ـ توم 508 ـ بەت).

سارىغلىغ ئەر: سېرىق كېسەللىكى بار ئادەم (دىۋان 1 ـ توم 651 ـ بەت).

كەزىك: كېزىك. بەدەندە تىترەك پەيدا قىلىدىغان بىر خىل قىزىتما (دىۋان 1 ـ توم 508 ـ بەت).

سۆگەل: كېسەل، ئاغرىق. ئوغۇزچە (دىۋان 1 ـ توم 512 ـ بەت).

سىگىل: سۆگەل (دىۋان 1 ـ توم 512 ـ بەت).

بۆكىن: ئەرلىكى يوق ئادەم، ئەرلىكى زەئىپ كىشى (دىۋان 1 ـ توم 519 ـ بەت).

كۆلگۈ: ئادەمنى تۇيۇقسىز هوشىدىن كەتكۈزىدىغان تېلىقما (سەكتە) كېسەللىكىمۇ «كۆلگۈ» دېيىلىدۇ. ئەر كۆلگۈ باردى ـــ ئادەمنى تېلىقلىما كېسەللىكى تۇتتى. بۇ سۆز بەزىدە «كۆلتكۈ» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 560 ـ بەت).

تالغان: تالغان ئىگ ـــ تۇتقاقلىق كېسەللىكى (دىۋان 1 ـ توم 570 ـ بەت).

تۆكلۈگ: قارىغۇ، كور. تۆكلۈگ كۆزلۈگ ـــ كۆزى قارىغۇ ئادەم (دىۋان 1 ـ توم 623 ـ بەت).

چەرلىگ: كۆزى چەرلىگ ـــ كۆزى چارلاشقان ئادەم. كىچىسى كۆرەلمەيدىغان، كۈندۈزى كۆرمەيدىغان، تۈتۈق كۈندە كۆرۈپ ئوچۇق كۈندە كۆرمەيدىغان ئادەم (دىۋان 1 ـ توم 623 ـ بەت).

چۇمۇلى: قىزىق ئاپتاپتا كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغان كىشىگە «چۇمۇلى بولدى» دېيىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 585 ـ بەت).

چەۋشەڭ: كۆزى ياشاڭغىرايدىغان، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز ئادەم (دىۋان 3 ـ توم 526 ـ بەت).

تەرسگەك: يىڭناسقۇ. كۆز قاپاقلىرىنىڭ چېتىگە چىقىدىغان قاپارتقۇ (دىۋان 3 ـ توم 577 ـ بەت).

توبۇلغاق: يەل تولغاق، قولۇنجى. ئاشقازان، ئۈچەيدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك (دىۋان 1 ـ توم 653 ـ بەت).

قازىرغاق: قاپىرىق. كۆپ ئىشلەش جەريانىدا قولدا پەيدا بولغان قاپىرىق (دىۋان 1 ـ توم 654 ـ

بەت).
چىپقان: چىقان. بەدەنگە چىقىدىغان بىر خىل يارا (دىۋان 1 ـ توم 585 ـ بەت).
سەگىل: سەپكۈن، يۈزدىكى سەپكۈن، داغ (دىۋان 1 ـ توم 629 ـ بەت).
چۈمەرۈك: شەلۋە كۆز. چۈمەرۈك كىشى ـــ كۆزى ياشاڭغىراپ ئاجىزلاشقان كىشى (دىۋان 1 ـ توم 635 ـ بەت).
تەمردگۈ: تەمرەتكە (دىۋان 1 ـ توم 639 ـ بەت).
قامچىغۇ: قاپارتقۇ. كالپۇكقا، بارماقلارغا چىقىدىغان قاپارتقۇ، ئادەتتە ئاغرىتىپ ۋە قىچىشتۇرۇپ چىقىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 639 ـ بەت).
سۇگنەگۇ: سەينۇگە ـــ سەيەك. تىرناق بىلەن گۆشنىڭ ئارىسىغا چىقىدىغان يارا (دىۋان 1 ـ توم 640 ـ بەت).
قاپارغان: قاپارتقۇ. بۇ بەدەننى قىزىتىپ قىچىشتۇرۇپ چىقىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 671 ـ بەت).
سوۋۇشغان: مەددە قۇرت، شۇ قۇرتتىن بولىدىغان سېرىق كېسەل (دىۋان 1 ـ توم 673 ـ بەت).
قىزلامۇق: قىزىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سىرتىغا تېپىپ چىقىدىغان قاپارتقۇ (دىۋان 1 ـ توم 683 ـ بەت).
تامۇردى: قانىدى. ئەر بۇرنى تامۇردى ـــ ئادەمنىڭ بۇرنى قانىدى (دىۋان 2 ـ توم 112 ـ بەت).
يامان: ھەر نەرسىنىڭ يامىنى. يامان ئىگ ـــ ماخاۋ كېسەللىكى (دىۋان 3 ـ توم 37 ـ بەت).
بەز: گۆش بىلەن تېرىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان بەز (دىۋان 3 ـ توم 169 ـ بەت).
كۆك: داغ. خوتۇنلارنىڭ يۈزىگە چۈشىدىغان داغ. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (دىۋان 3 ـ توم 182 ـ بەت).
چىل: تەندىكى تاياق ئىزى (دىۋان 3 ـ توم 184 ـ بەت).
تاپ: تېرىدىكى يارا ياكى تاياق ئىزى. ئول ئانى تاپ تاپ ئۇردى ـــ ئۇ ئۇنى ھەر تەرەپتىن تېز ـ تېز ئۇردى (دىۋان 3 ـ توم 198 ـ بەت).
قۇمشۇي: قانغا تولغان كانا. بۇ سۆز سۈيدۈكى تۇتۇلۇپ، سىيەلمەي قالغان كىشىلەرگە تەمسىل قىلىنىدۇ (دىۋان 3 ـ توم 331 ـ بەت).
مۇگۈزگەك: قاداق. ئىشلەش تۈپەيلىدىن قولدا پەيدا بولىدىغان قاداق (دىۋان 3 ـ توم 529 ـ بەت).
ئۇم: ئەر ئۇم بولدى ـــ ئادەمنىڭ مەيدىسى بۇزۇلدى، گۆشنى كۆپ يېگەنلىكتىن، ئادەمنىڭ مەيدىسى بۇزۇلدى (دىۋان 1 ـ توم 68 ـ بەت).
ئەرەگەيۇ: ئېرىنچەي. ئالتە بارماقلىق ئادەم (دىۋان 1 ـ توم 183 ـ بەت).
ئەرەگەيۇ: پارپا. بويى ئىككى گەز كېلىدىغان پەتەك ئادەم (دىۋان 1 ـ توم 183 ـ بەت).
يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ئاتالغۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ياشاش جەريانىدا بەدەندە پەيدا بولىدىغان ئاغرىقلارغا ئۆزلىرىنىڭ دىياگنوزلىرىنى قويالىغان ھەم مەخسۇس ناملار بىلەن ئاتاپ پەرقلەندۈرگەن. بىر قىسىم كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئانالىز قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى داۋالاش چارىلىرىنى تېپىپ چىققان. بىر قىسىم كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلمىي ئاساستىن چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالغان. مەسىلەن:
بوقۇقلۇغ: پوقاق ئادەم (دىۋان 1 ـ توم 648 ـ بەت).

بوقوق: پوقاق، بوغوزنىڭ ئىككى يېنىدا، تېرە بىلەن گۆش ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل بەزسىمان گۆش. پەرغانە بىلەن شىغنى شەھەرلىرىدە مۇشۇنداق كېسەل تەگكەن كىشىلەر بار. پوقاق نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتىدۇ. بەزىلىرى شۇنداق يوغىناپ كېتىدۇكى، ئۆزىنىڭ كۆكسىنى ۋە پۇتىنى كۆرەلمەيدۇ.

مەن كېسەللىكنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سورىدىم. ئۇلار ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشتى: بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇنلۇك كاپىرلار ئىكەن. تەڭرى يارلىقىغۇچى پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقاندا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كېچىلەپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ، باسقۇن ياساپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ چۇقان ـ سۈرەنلىرىدىن مۇسۇلمانلار ھودۇقۇپ كېتىپ، مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتۇپتۇ. بۇ خەۋەر خۇدا رازى بولغۇچى ئۆمەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇلارنى قارغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بوغوزىدا بۇ كېسەللىك پەيدا بوپتۇ ۋە ئەۋلادىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈنلۈك گەپ قىلىدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق (دىۋان 2 ـ توم 416 ـ بەت).

دورا تۈرلىرى

تېبابەتچىلىك ساھەسىدە تەبىئەتتىكى ھەرقانداق بىر ئۆسۈملۈك، مەدەنلەر، جانلىقلار، ھەتتاكى سۇ، تۇپراق، تاش ـ قۇم، ھاۋا، ياشاش مۇھىتلىرى، ئومۇمەن كائىناتتىكى ھەرقانداق بىرنەرسىنىڭ كېسەلگە مەنپەئەت قىلىش، تەسىر كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ھازىر داۋالاش ساھەسىدە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن جانلىقلار ئەڭ ئاساسلىق دورا خام ئەشيالىرى قىلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىلا ئۆسۈملۈك، جانلىقلار، شۇنداقلا تائاملار بىلەن كېسەل داۋالاش ۋە ئۆزىنى كۈتۈش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە كەڭرى ئىزدىنىپ، بۇلاردىن نۇرغۇنلىغان رېتسېپ تۈرلىرىنى رەتلەپ چىققان ۋە بۇ ئارقىلىق ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشكە تىرىشقان. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىز دۇنيا بويىچە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر رايونلىرىنىڭ بىرى قاتارىغا ئايرىلغان. بۇ مەلۇم جەھەتتىن شۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن ساغلاملىققا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، ئاغرىغانلاردا داۋالىنىشنىڭ چارىلىرىنى قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، تارىختا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۆزىنى كۈتۈش ۋە كېسەل داۋالاشتا ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى رېتسېپ تۈرلىرىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇ ھازىرقى كۈندە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئۇيغۇر تېبابىتى» دېگەن ئاتالغۇغا يىغىنچاقلانغان. دىۋاندا تىلغا ئېلىنغان دورا تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى رېتسېپلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىگىر: قورساق ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: «ئىگىر بولسا، ئەر ئۆلمەس. يەنى ئىگىر ساقلىغان ئادەم قورساق ئاغرىقىدىن ئۆلمەيدۇ، چۈنكى قورساق ئاغرىقىغا دۇچار بولغان ئادەم ئۇنى يېسە ساقىيىدۇ». بۇ ماقال «ھەر ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم» دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 75 ـ بەت). ئەگىرسەدى: ئىگىرسىرىدى. ئىگىر يېگۈسى كەلدى. ئەر ئەگىرسەدى ــ ئادەم ئىگىرسىرىدى: يەنى ئىگىر بىلەن داۋالانغۇسى كەلدى (دىۋان 1 ـ توم 397 ـ بەت).

ئەگىت: داغ چۈشۈشتىن ياكى كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بالىلارنىڭ يۈزىگە سۈرتىلىدىغان بىر خىل دورا. بۇ دورا زەپەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 71 ـ بەت).

ئالاڭ: يېغى دورا بولىدىغان بىر خىل قۇش، قوداي. بۇ قۇشنىڭ يېغى ئالىقانغا سۈرۈلسە، قولنىڭ كەينىدىن سىزىپ چىقىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 57 ـ بەت).

ئۆترۇم: سۆرگە دورىسى. سۈت ئۆترۇم — سۈتلۈك ئوت. بۇ ئوت ئەرەبچە «شۇبرۇم» دېيىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 144 ـ بەت).

ئۆتكۈردى: ئۆتكۈزدى، سۈردى، ئەۋەتتى. ئۆترۇم قارىن ئۆتكۈردى ـ سۆرگە دورىسى ئىچنى ئۆتكۈزدى (دىۋان 1 ـ توم 302 ـ بەت).

ئۆراغۇن: ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل دورا (دىۋان 1 ـ توم 186 ـ بەت).

خاسنى: بالىلارنى سەمرىتىش ئۈچۈن ياللىتىلىدىغان بىر خىل دورا. بۇ دورا ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 566 ـ بەت).

بۇغا: ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل دورا. بۇنىڭ سېرىغى «سارىغ بۇغا — سېرىق بۇغا»، كۆل رەڭگى «بوز بۇغا — بوزۇغا» دېيىلىدۇ (دىۋان 3 ـ توم 310 ـ بەت).

بوز: بوز مۇنچۇق — بوز مونچاق. بۇ ئىپار بىلەن سۆكتىن (سۆك — ئامىلە شىرنىسى، ئەرەب يېلىمى ۋە ئىپار قوشۇپ ياسىلىدىغان بىر خىل دورا) ياسىلىدۇ. خوتۇنلار تاقايدۇ (دىۋان 3 ـ توم 167 ـ بەت).

سىغۇن: بۇغا. يىلتىزى ئادەمگە ئوخشايدىغان، جىنسىي ئاجىزلىققا داۋا بولىدىغان گىياھ «ئادەمگىياھ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئوتنىڭ ئەركىكى ۋە چىشىسى بولۇپ، ئەركىكى ئەرلەرگە، چىشىسى ئاياللارغا ئىشلىتىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 532 ـ بەت).

توبۇلغاق: بىر خىل دورا ئوت (دىۋان 1 ـ توم 653 ـ بەت).

چۆرنى: تۈرك تېۋىپلىرى ياسىغان بىر خىل سۆرگە دورىسى (دىۋان 1 ـ توم 566 ـ بەت).

تاۋغاچ يۇداسى: يوپۇرماقلىرى سەۋسەن گۈلىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدىغان ۋە دورا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ (دىۋان 1 ـ توم 593 ـ بەت).

قۇندۇز: قۇندۇز قايرى — قۇندۇز قېپىرى، قۇندۇز تاشقىدىن ياسىلىدىغان بىر خىل دورا (دىۋان 1 ـ توم 598 ـ بەت).

باتمۇل: پىلپىل (دىۋان 1 ـ توم 628 ـ بەت).

تاغنا: تاغنا ياۋا — كاسىن دەرىخىنىڭ پوستى. بەزى كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ، سۈيۈق ئاشقا سالسا، ئاشنىڭ رەڭگى تۈزۈلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 565 ـ بەت).

ئاۋلقۇ: قىزىل مېۋە بېرىدىغان بىر خىل دەرەخ. مېۋىسىنىڭ سۈيى ئاشقا قۇيۇلىدۇ. پوستى بىلەن كۆز ئاغرىقى داۋالىنىدۇ ۋە كىيىملەر بويىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 637 ـ بەت).

بەزىنج: غولى ۋە يوپۇرماقلىرى قىزىل بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، باغلاردا ئۆسىدۇ، دورا قاتارىدا يېيىلىدۇ (دىۋان 3 ـ توم 510 ـ بەت).

ئاسۇرتغۇ: چۈشكۈرتىدىغان. ئاسۇرتغۇ ئوت — چۈشكۈرتىدىغان ئوت (دىۋان 3 ـ توم 600 ـ بەت).

توي: توي ئوتى — دورا قىلىنىدىغان بىر خىل ئوت (دىۋان 3 ـ توم 193 ـ بەت).

بوشۇتغان: بوشىتىدىغان. بۇ ئىچنى بوشىتىلىدىغان دورا. قاتتىق نەرسىنى يۇمشىتىپ بوشاشتۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 668 ـ بەت).

قاناتغان: قانىتىدىغان. بۇ بۇرۇننى قانىتىدىغان دورا (دىۋان 1 ـ توم 669 ـ بەت).

ياقىغ: مەلھەم، زىمات. ئىششىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جاراھەتلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان

ماي دورا (دىۋان 3 ـ توم 15 ـ بەت).

ئۆرۈمداي: زەھەرنى قايتۇرىدىغان تاش، پادىزەھەر (دىۋان 1 ـ توم 215 ـ بەت).

كەكۈش: ئىششىقنى سۈرۈلدىغان دورا، دېۋىرقاي (دىۋان 1 ـ توم 530 ـ بەت).

چاخشۇ: كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئوت. بۇ سۆز ساپ تۈركچە ئەمەس (دىۋان 1 ـ توم 552 ـ بەت).

كۆزلۈك: كۆزلۈك. بۇ ئات قۇيرۇقىدىن توقۇلغان بىر خىل تور بولۇپ، كۆز ئاغرىغان ياكى قاماشقاندا، كۆزگە تارتىۋېلىنىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 625 ـ بەت).

دېمەك، مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئومۇمەن ئاشۇ دەۋرلەردىكى داۋالاش سەۋىيەسى ھازىرقى ساقلىقنى ساقلاش سەۋىيەسىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدۇ دېيىلگەندىمۇ، لېكىن يەنىلا ئەينى دەۋردىكى ئەھمىيىتى جەھەتتىن ئالغاندا خېلى كۆپ ئۈستۈن بولۇپ، ھازىرقى داۋالاش سەۋىيەسىنىڭ ئەجدادى مەنبەسى بولالايدۇ.

دىۋاندا ئادەم بەدىنىدە پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر، دورىلار تىلغا ئېلىنىپلا قالماي، ھايۋانلاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇللىرىدىنمۇ مەلۇم ئۇچۇرلار بېرىلگەن.

## داۋالاشتىكى تاماق تۈرلىرى

تېبىبي داۋالاش ساھەسىدە كۈتۈنۈش ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىن ئوزۇقلىنىش كۆزدە تۇتۇلغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى مەخپىي رېتسېپلىرىنىڭ بىر تۈرى ئوزۇقلۇق ئىلمىدىن ئىبارەت يېمەك ـ ئىچمەك، تائام مەدەنىيىتى ساھەسىگىمۇ مەركەزلەشكەن.

قاغۇت: تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق ئاۋۋال قاينىتىلىپ، كېيىن قورۇتۇلىدۇ. ئاندىن تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ياغ ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 528 ـ بەت).

ئىپتۈك: قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى. قورۇت ئېزىپ ئىچكەنلىكتىن ئىچى قېتىپ قالغان ئادەمگە ئىچىنى سۈردۈرۈش ئۈچۈن ئىچكۈزۈلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 137 ـ بەت).

سارماچۇق: قوشقاچ تىلى ئاش. سۇيۇق ئاشنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭ خېمىرى نوقۇت چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۇ ئاش كېسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 683 ـ بەت).

قۇۋۇت: «قاغۇت» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. تۇغۇتتا خۇنسىرىغان خوتۇنلارغا بېرىلىدىغان تاماق. قورۇلغان تېرىق ئۇنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ (دىۋان 3 ـ توم 223 ـ بەت).

لەتۇ: بىر خىل سۇيۇق تاماق. بۇ تاماق سۇ، قار، مۇزغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن سوۋۇتۇلىدۇ. ئىچكە دورا ـ دەرمەك سېلىنىپ سوغۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلىدۇ (دىۋان 3 ـ توم 327 ـ بەت).

## كېسەللىك داۋالاشتىكى خۇراپىي ئۇسۇللار

ئىنسانلار ئۆز بەدەنلىرىدە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلەلىگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ قايسى كېسەللىك تۈرى ئىكەنلىكى، قانداق نەرسىلەرنىڭ كېسەللىكنى ساقايتىش رولىنى ئوينىيالايدىغانلىقىنى ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلىدىنمۇ باشقا ساھەلەردىن ئىزدىگەن. شۇنداقلا يەنە تەبىئەتتىكى خىلمۇخىل ھادىسىلەر ھەم ئادەمنىڭ يارىلىش مۆجىزىلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قېلىش

سەۋەبىدىن دىنىي ئېتىقاد پەردىسى ئاستىدا كېسەللىك داۋالاشتىكى خۇراپىي ئۇسۇللاردىنمۇ مۇستەسنا بولالمىغان. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ بىرى بولغان شامان دىنى ئەقىدىلىرى بويىچە كېسەللىك داۋالاش قاراشلىرى ئۇلارنىڭ كېسەللىك داۋالاشتىكى رېتسېپ تۈرلىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭدا رەم — پال ئېچىش، ئەپسۇن ئوقۇش، ئىسرىق سىلىش، پېرىخونلۇقتىن ئىبارەت شامان دىنى ئەقىدىلىرى بويىچە كېسەللىك داۋالاش ياكى شىپالىق تىلەش بىر ئاز ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن:

ياشىن: چاقماق. تۈركلەردە كىمنىڭ يېنىدا قاشتېشى بولسا ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ، دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. قاشتېشى ئاق، سۈزۈك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ. بۇ ئۈزۈكنى سېلىۋالغان كىشىگە چاقماق تەگمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق. بۇ تاشنى بوزغا ئوراپ ئوتقا تاشلىغاندا بوزمۇ، تاشمۇ كۆيمەيدۇ. بۇ سىنالغان. ئۇسسىغان ئادەم بۇنى ئاغزىغا سالسا ئۇسسۇزلۇقىنى باسىدۇ (دىۋان 3 ـ توم 26 ـ بەت).

ئىرق: رەممالىلىق، پالچىلىق. بىراۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماق (دىۋان 1 ـ توم 60 ـ بەت).

ئۆرۈك: ئۆرۈم. پالچىغا بېرىلىدىغان ھەق. ئەلىك ئۆرۈكى بەر — قول ھەققى بەر (دىۋان 1 ـ توم 181 ـ بەت).

ئارۋاشتى: ھەممە كاھىنلار ئەپسۇن ـ ئەرۋەش ئوقۇشتى. باش ـ كۆزىگە چىققان يامان جاراھەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا سۈپكۈچ قىلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 315 ـ بەت).

ئارۋالدى: ئەرۋەشلەندى، ئەرۋەش ئوقۇلدى. ئارۋاش ئارۋالدى — ئەپسۇن ـ ئەرۋەش ئوقۇلدى (دىۋان 1 ـ توم 331 ـ بەت).

ئارۋادى: ئەرۋىدى. قام ئارۋاش ئارۋادى — باخشى ئەپسۇن ـ ئەرۋەش ئوقۇدى (دىۋان 1 ـ توم 373 ـ بەت).

ئىسرىق: باللارنى جىن ـ ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز؛ ئىسرىقنىڭ ئىسى باللىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈلۈپ «ھەي جىن ، كۆچ ـ كۆچ» دېيىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 134 ـ بەت).

بىتىك: تۇمار، ئوغۇزچە (دىۋان 1 ـ توم 499 ـ بەت).

ئۆرتەندى: ئۆرتەندى، كۆيدى. ئۆرتەندى نەڭ — ئۆرتەنگەن نەرسە. كۆن پاتقاندىن كېيىن بۇلۇت قىزارسا، «بۇلىت ئۆرتەندى» دېيىلىدۇ. تۈركلەر بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن:

تۈنلە بۇلىت ئۆرتەنسە ئەۋلۈك ئۇرى كەلدۈرمىشچە بولۇر،
تاڭدا بۇلىت ئۆرتەنسە ئەۋگە ياغى كىرمىشچە بولۇر.

(تۈندە بۇلۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولار،
تاڭدا بۇلۇت ئۆرتەنسە، ئۆيگە يىغا كىرگەندەك بولار.)

كەچقۇرۇن بۇلۇت قىزارسا خوتۇنى ئوغۇل تۇغقاندەك بولىدۇ. تاڭدا بۇلۇت قىزارسا ئۆيگە يىغا كىرگەندەك بولىدۇ. تۈركلەر كېيىنكىسىنى ياخشىلىققا جورىمايدۇ (دىۋان 1 ـ توم 334 ـ بەت).

يەل: جىن، جىن شامىلى. ئەر يەلپىندى — ئادەمگە شامال دارىدى، يەنى جىن چاپلاشتى (دىۋان 3 ـ توم 197 ـ بەت).

قوۋۇز: «قوۋۇچ» سۆزى ئورنىدا قوللىنىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئوغۇزچە. يەل قوۋۇز بىتتىكى ــ جىن تېگىشكە قارشى ئوقۇلىدىغان ئەپسۇن (دىۋان 3 ـ توم 224 ـ بەت).

قوۋۇچ: جىن تەگكەنلىك ئەسىرى. بۇنداق ئادەمنى داۋالاشتا يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ تۇرۇپ «قوۋۇچ قوۋۇچ» دېيىلىدۇ. ئادراسمان ۋە ئۈزە ھىندى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ. بۇ سۆز «قاچ ـ قاچ، ھەي، جىن ! قاچ، قاچ» سۆزىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك (دىۋان 3 ـ توم 223 ـ بەت).

«بىر تويىن باشى ئاغرىسا قاموغ تويىن باش ئاغرىماس ــ بىر دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىسا ھەممە دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىماس». بۇ ماقال دوستلىرى بىرنەرسىنى يەۋاتقان يەردە بىرسى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئۇنىڭدىن تارتقان بولسا، باشقىلارنى تاماق يېيىشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ (دىۋان 1 ـ توم 361 ـ ۋە 3 ـ توم 232 ـ بەت).

**داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار**

كېسەلگە داۋالاش سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ داۋالاش ئۇسۇلى كېسەل داۋالاشتىكى خېلى يۇقىرى سەۋىيە. سايمان ئىشلىتىلگەندە كېسەللىك ئورنىغا دورىنى توغرا يەتكۈزگىلى، داۋالاش ۋە داۋالاش ئۈنۈمىگە خېلى كۆپ قولايلىقلارنى ياراتقىلى بولىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، دىۋاندا داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلاردىن تۆۋەندىكىلەر تىلغا ئېلىنغان:

ئارقاچاق: ئېغىزغا دورا قۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈچى كاۋاك ئەسۋاب (دىۋان 1 ـ توم 196 ـ بەت).

بەلىك: پىلىك. يارا تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان پەلكۈچ (دىۋان 1 ـ توم 501 ـ بەت).

سورغۇ: شورىغۇچ، ھەجامەت. قان ئېلىش (شوراش) ئەسۋابى (دىۋان 1 ـ توم 554 ـ بەت).

قاناغۇ: قانالغۇ، نەشتەر. قان ئالىدىغان سايمان (دىۋان 1 ـ توم 583 ـ بەت).

بۇ يەردە كېسەلدىن قان ئېلىش بىلەن قان تەركىبىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كېسەللىك دىياگنوزى قويۇلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ، داۋالاش سەۋىيەسىدىكى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، قان ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنى ۋە ئەزالىرىدا ئايلىنىدۇ. بەدەندىكى كېسەللىك ئەڭ ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ روھىي كەيپىياتى، چىراي ـ ئۆڭى، يۈرەك ـ تومۇر سوقۇش ۋە قان پىلازمىسىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، تېۋىپلار كېسەللىككە دىياگنوز قويۇشتا ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ كىشىنىڭ مۇشۇ ئەزالىرىغا دىققەت ـ نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. مۇشۇ ئەزالىرىدا كۆرۈلگەن نورمالسىزلىققا قاراپ، ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن كېسەللىك تۈرىنى تېپىپ چىقىدۇ ۋە مۇشۇ ئاساستا داۋالاش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قان باشتا دېيىلگەندەك ئادەم بەدىنىدىكى ھاياتلىق سۇيۇقلۇقى. قاندىن ئەۋرىشكە ئېلىش ئاسان بولسىمۇ، ئەمما قان پىلازمىلىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كېسەللىككە ھۆكۈم قىلىش ئۇنچىلا ئاددىي ئىش ئەمەس. بۇ نۇرغۇن سىناق، نۇغۇن تەجرىبە ـ ساۋاق، خېلى ئۇستۇن تېببىي ئىلىم ۋە سەۋىيەنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەمما، بۇ يەردە يەنە شۇنى قوشۇمچە قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، كېسەللىك داۋالاشتا كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ بەدەندىن مەلۇم مىقداردا قان ئېلىۋېتىپ داۋالاش ئۇسۇلىمۇ مەۋجۇت. دىۋاندا دېيىلگىنى بەلكىم مۇشۇ ئۇسۇلدا كېسەللىك داۋالاشنى كۆرسەتسە كېرەك.

(ئاپتور غۇلجا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتىدا)



(چۆچەك)

# يار بېشىنىڭ قىزى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا يىراق بىر يۇرتتا بىر پادىچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ئاغرىپ ئۇزاققىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئارزۇلۇق يالغۇز قىزى يېتىم قاپتۇ.

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ پادىچى بىر تۇل خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ. ئۇ خوتۇن قىزىنى ئەگەشتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرگەن كۈندىن تارتىپ ئۆگەي قىزنى خورلاپ، ئۇنىڭغا زۇلۇم سېلىشقا باشلاپتۇ.

ئۆگەي قىزنىڭ رەڭگىرويى زەپىراندەك سارغىيىشقا باشلاپتۇ. ئۆگەي ئانا ئۆز قىزىغا ياغلىق نان بېرىپ، ئۆگەي قىزغا قاتتىق نان بېرىپ ئۇنى ئېغىر ئىشلارغا سېپتۇ.

ئۆگەي قىزغا ئانىسىدىن بىر كالا، بىر خوراز ۋە بىر مېكىيان قالغانىكەن.

ئۆگەي ئانا يېتىم قىزنى ھەر كۈنى بىر سېۋەت پاختا ئېگىرىشكە ۋە كالىنى ئوتلىتىپ كېلىشكە ھەيدەيدىكەن. قىزچاق قاتتىق ناننى سۇدا يۇمشىتىپ يەپ، ئۆگەي ئانا دېگەن يىپنىڭ يېرىمىنىمۇ ئېگىرەلمەي كېلىدىكەن. ئۆگەي ئانا قىزنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ ئۇرىدىكەن. بەدەنلىرىنى چىمدىپ كۆكەرتىۋېتىدىكەن. ئاتىسىمۇ خوتۇنىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىكەن. بىر كۈنى ئۆگەي قىز دالىدا كالىسىنى ئوتلاتقاچ چاق ئېگىرىپ ئولتۇرسا، بىردىنلا قاتتىق شامال چىقىپ پاختىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. قىز پاختىنى تۇتۇۋالىمەن دەپ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈۋېرىپتۇ، لېكىن تۇتالماپتۇ. شامال پاختىنى تاغ باغرىدىكى غارنىڭ ئىچىگە ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. قىز غارنىڭ ئىچىگە كىرسە، غاردا ئاپپاق چاچلىق بىر موماي ئولتۇرغۇدەك. قىز دەرھال ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، موما! — دەپ سالام بېرىپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! كەل قىزىم، كەل! خوش، بېشىڭغا نېمە كۈلپەت چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

قىز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى مومايغا بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

موماي ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— بالام، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۆگەي ئاناڭ بەرگەن پاختىنى كالىغا يېگۈز، ئاندىن كالىنىڭ يېلىنىدىن يىپلارنى تارتىپ ئالغىن! — دەپتۇ ۋە قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بېشىڭغا بىرەر كۈلپەت چۈشسە، مېنىڭ قېشىمغا كەل، مۈشكۈلۈڭ ئاسان بولىدۇ، — دەپتۇ.

قىز خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، دەرھال كالىنىڭ قېشىغا بېرىپ، پاختىنى كالىغا يېگۈزۈپ، يېلىنىدىن خۇددى سۈت ساغقاندەك يىپنى تارتىپ ئېلىۋېرىپتۇ. بىر خىل ئىنچىكە

يىپ چىقىۋېرىپتۇ. بىردەمدىلا بىرنەچچە ئورام يىپ سېغىۋېلىپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ئۆگەي ئانا ئاچچىقلىنىپ:

— نېمانچە كەچ كەلدىڭ؟! ماڭ، ئېغىلنى تازىلا، هويلىنى سۈپۈر! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۆگەي ئانا مەيلى قانچە سېۋەت پاختا بەرسۇن، ئۆگەي قىز ھەممىسىنى يىپ قىلىپ ئەكەپتۇ. ئۆگەي ئانا بۇنىڭدىن تەئەججۈپلىنىپ، بۇنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولۇپ قىزنىڭ كەينىگە چۈشۈپ بۇ سىرنى بىلىۋاپتۇ...

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ ئېرىگە:

— دادىسى، قىشمۇ كىرىپ قالدى، مېنىڭ كالا گۆشى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ، كالىنى سويۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

ئەخمەق ئېرى «خوپ!» دەپ كالىنى سويۇپتۇ. يېتىم قىز يىغلامسىرىغىنىچە غاردىكى مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— يىغلىما، بالام، ھېچقىسى يوق! ئۆيۈڭگە بېرىپ كالاڭنىڭ سۆڭەكلىرىنى، تېرىسىنى، قۇيرۇق ۋە مۈڭگۈزلىرىنى يىغىپ بىر يەرگە كۆم، ۋاقتى كەلگەندە ساڭا ئەسقاتىدۇ، — دەپتۇ.

قىز مومايىنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. بىر كۈنى، ئۆگەي ئانا بىر غەلۋىر گۈرۈچ بىلەن بىر غەلۋىر ماشنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆگەي قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «مەن كەلگۈچە مۇشۇ ماش بىلەن گۈرۈچنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قوي» دەپ، ئۆز قىزىنى ياساندۇرۇپ مېھماندارچىلىققا كېتىپتۇ. قىزنىڭ ئانىسىدىن قالغان ھېلىقى خوراز بىلەن مېكىيان كېلىپ قىزغا ياردەملىشىپتۇ. خوراز بىلەن مېكىيان بىردەمدىلا ماش بىلەن گۈرۈچنى ئايرىپ بوپتۇ. قىز خۇشاللىقىدا مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. موماي قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— بالام، قىزلىرىمدىن تۆتىنى ساڭا قوشۇپ بېرەي، سەن ئۇلار بىلەن يۇرت پادىشاھىنىڭ تويىغا بارغىن. كۆمۈپ قويغان ھېلىقى نەرسىلىرىڭنى ئېچىپ قاراپ باققىن، نېمە كۆرەرسەنكىن، — دەپتۇ. شۇئان تۆت قىز ھازىر ـ دە، مومايغا سالام بېرىپتۇ. پادىچىنىڭ قىزى ئۇلار بىلەن بىللە ئۆيىگە بېرىپ كۆمۈپ قويغان نەرسىلەرنى ئېچىپ قارىسا، تېرىسى تىللا توكلۇك لىباسقا، كالىنىڭ تۇياقلىرى ئاجايىپ بىر جۈپ چىرايلىق كەشكە، سۆڭەكلىرى دۇر، گۆھەر، مارجانغا ئايلىنىپ قاپتۇمىش. قىز ئالدى بىلەن خۇش پۇراق سۇدا يۇيۇنۇپتۇ، ئاندىن بۇ نەرسىلەر ۋە ئېلىپ كەلگەن كىيىملەر بىلەن كىيىنىپتۇ. قىزدا گۈزەللىك شۇنچىلىك جىلۋىلىنىپتۇكى، خۇددى ھاۋا ئېچىلىپ، قۇياش ئۆز جامالىنى كۆرسەتكەندەك بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆگەي قىز تۆت قىز بىلەن بىللە تويغا بېرىپتۇ.

توي ئىگىلىرى قىزنى بىرەر يۇرت پادىشاھىنىڭ قىزى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئۇنى تۆرگە باشلاپتۇ. قىزنىڭ ئۆگەي ئانىسىمۇ تويغا بارغانىكەن. پەگاھتا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. زىياپەت ناھايىتى مول بوپتۇ. قەنت ئورنىغا ناۋات، سۇ ئورنىغا شەربەت تەييارلاپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا قىز داستىخاندىكى مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئۆگەي ئانىسىغا تەڭلەپتۇ. ئۆگەي ئانىسى قىزنى تونۇماي، تائاملارنى خۇشاللىق بىلەن ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. توي ساھىبى قىزنى زور ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپتۇ. قىز ئۆيىگە تېزراق بېرىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا كەشىنىڭ پېيى چۈشۈپ قاپتۇ. ئانىسىدىن بۇرۇن ئۆيىگە كېلىپ چاندۇرماي ئولتۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا ئۆگەي ئانا قىزى بىلەن قايتىپ كەپتۇ ـ دە، ئۆگەي قىزىغا ماختىنىپ:

— بىز ئاجايىپ قىزىق تاماشىلارنى كۆردۇق، مول زىياپەتتە بولدۇق. بىر پادىشاھنىڭ قىزى كەلدى. ئاي دېسە، ئاغزى بار، كۈن دېسە، كۆزى بار، شېرىن ـ شېكەر سۆزى بار، بۇ قىز

ئالدىدىكى خىلمۇخىل تائاملاردىن بىزگە بەردى. سەن نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇردۇڭ، ماش ـ گۈرۈچلەر قانداق بولدى؟ — دەپتۇ.

قىز بىر غەلۋىر ماش، بىر غەلۋىر گۈرۈچنى ئېلىپ چىقىپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۆگەي ئانىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، گەپ قىلالماي قاپتۇ.

پادىشاھنىڭ تويىغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقان مومايلاردىن بىرى بىر پاي چىرايلىق كەشنى تېپىۋاپتۇ. «بۇ قانداق كەشتۇ، ئۆمرۈمدە بۇنداق چىرايلىق كەشنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دەپ كەشنى ئېلىپ ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

كەش پادىشاھنىڭ كۆزىگە ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ:

— بۇ كەشنىڭ ئىگىسى چوقۇم چىرايلىق قىز، مەيلى ئۇ كىم بولسۇن، ئۇنى ئالىمەن، يۇرت ئىچىنى قېدىرىپ، شۇ كەشنىڭ ئىگىسىنى تېپىڭلار! — دەپتۇ.

ئىككى موماي ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، ھېلىقى كەشنى ھەممە قىزلارغا كىيدۈرۈپ كۆرۈپتۇ. لېكىن، كەش ھېچقايسىسىنىڭ پۇتىغا دەل كەلمەپتۇ. كىمنىڭ ئۆيى قالغانلىقىنى سوراپتۇ، كىشىلەر: «پالانى پادىچىنىڭ ئۆيى قالدى؟» دېيىشىپتۇ. پادىشاھ:

— پادىچىنىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار! — دەپتۇ.

مومايلار پادىچىنىڭ ئۆيىگە كېلىشى بىلەن ئۆگەي ئانا ئۆگەي قىزىنى تونۇرنىڭ ئىچىگە سولاپ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى غەلۋىر بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۆز قىزىنى ياساندۇرۇپ مومايلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. كەشنى قىزغا كىيدۈرۈپتۇ، كەش كىچىك كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى غىڭ ـ پىڭ دېيەلمەپتۇ.

مومايلار ئەمدى كېتەيلى، دەپ تۇرغاندا، مېكىيان بىلەن خوراز تونۇر بېشىغا چىقىپ: «قى، قى ـ قىق، مەيەردە» دەپ قىچقىرىپتۇ. مومايلاردىن بىرى: «توۋا، توخۇمۇ گەپ قىلالامدۇ؟ تونۇردا بىر گەپ بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ تونۇرغا قارىسا، ئىچىدە بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. دەرھال قىزنى تونۇردىن چىقىرىپ، كەشنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ كۆرگەنىكەن، پۇتىغا دەل كەپتۇ. مومايلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «سۆيۈنچە، سۆيۈنچە!» دېيىشىپتۇ ۋە «كەش بويى زىلۋا، ئىككى يۈزى ئالما، ئاغزى ئويماقتەك قىزغا لايىق كەلدى» دەپ پادىشاھقا قىزنىڭ تەرىپىنى قىلىشىپتۇ. پادىشاھ ھەر ئىككىلا مومايغا باشتىن ـ ئاياغ سەرپاي بېرىپتۇ.

پادىشاھ قىزغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئۆگەي ئانىنىڭ ئۆتى يېرىلىپتۇ ـ دە، خوراز بىلەن مېكىياننىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ.

توي يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۆگەي ئانا ئۆگەي قىزىنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ، ئۆزىنى قومۇشلۇق توقايغا تاشلىۋېتىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز قىزىنى ئۇزىتىپتۇ. پادىشاھ قارىسا، بۇ ناھايىتى سەت قىز ئىكەن.

بىر بۆزچى بوۋاي قومۇش ئورۇپ كېلىش ئۈچۈن توقايغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر قىزنىڭ يىغلاپ ياتقىنىنى كۆرۈپتۇ. بوۋاي:

— ھەي بالام، ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز بوۋايغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بوۋاينىڭ قىزغا ئىچى ئاغرىپ:

— بالام، مېنىڭ بالام يوق. ئۆيدە مومىيىم بار، ئۇ چاقتا يىپ ئېگىرىدۇ، مەن بۆز توقۇيمەن، شۇنداق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىمىز. خالىساڭ بىزگە بالا بول، يالغۇزلۇق مومايغا بەك ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. قىز رازى بوپتۇ. كېيىن بوۋاي قىزنى ئۆيىگە ئەكەپتۇ. موماي تولىمۇ خۇرسەن بوپتۇ.

بىر كۈنى موماي بىر قىزىق گەپ قىلغانىكەن، قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكىسىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆي

ئېچىگە تۇرلۇك گۈلدەستىلەر تۈكۈلۈشكە باشلاپتۇ. قىز بوۋايغا قاراپ:

— دادا، بۇ گۈللەرنى سېۋەتكە سېلىپ پادىشاھ قەسرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈڭ. «گۈل كەلدى! گۈل كەلدى!» دەپ توۋلاڭ. ئەگەر پادىشاھنىڭ خوتۇنى چىقىپ: «گۈلىڭىزنى ساتامسىز؟» دېسە، «كۆزگە ساتىمەن» دەڭ، — دەپ گەپ ئۆگىتىپتۇ.

بوۋاي قىزى ئېيتقاندەك قىپتۇ. «گۈل كەلدى! گۈل كەلدى!» دەپ توۋلاپ كېتىپ بارسا، پادىشاھنىڭ خانىشى چىقىپ:

— گۈلۈڭ قانچە تەڭگە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— گۈلۈمنى پۇلغا ساتمايمەن، كۆزگە ساتىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

خانىش ئۆگەي قىزىنىڭ ساندۇقتا ساقلىنىۋاتقان ئىككى كۆزىنى ئېلىپ چىقىپ بېرىپتۇ. كېچىسى قىز كۆزلىرىنى ئۆز ئورنىغا سېلىپ، ئۇخلاپ ياتسا، غاردىكى ھېلىقى موماي كېلىپ، قىزنىڭ كۆزلىرىنى ئوڭشاپ قويۇپتۇ. قىز ئويغىنىپ كۆزىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىدىن چەكسىز خۇشال بوپتۇ.

بوۋاي ھەر كۈنى سېۋەت - سېۋەت گۈللەرنى، دۇرلارنى سېتىۋېرىپ بېيىپ كېتىپتۇ. ئۇ سۇ باشلاپ، چۆل - باياۋانلارنى ئاۋات قىپتۇ. توقايلارنى گۈلىستانغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ئاشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى ئوۋغا چىقىپ قارىسا، چۆل - باياۋانلارنىڭ ئاۋات بولۇپ قالغانلىقىنى، تاغ تۆپىسىدە مۇستەھكەم قورغانلار پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئىلگىرىكى ئوۋ ئوۋلىغان يەرلەردە بۇلبۇللار، تۇتىلار، قۇمرىلار سايرىشىۋاتقۇدەك. پادىشاھ ئادەملەردىن:

— بۇ يەرنى كىم ئاۋات قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ، كىشىلەر:

— بۆزچى بوۋاينىڭ قىزى ئاۋات قىلدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھتا شۇ قىزنى كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ.

بىر كۈنى قىز دوستلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرسە، بۇ قېتىدا پادىشاھ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەنىكەن. بىر چاغدا چىققان شامال قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمپەردىنى قايرىۋېتىپتۇ. پادىشاھ قىزنى كۆرۈشى بىلەن ھوشىدىن كېتىپ، ئاتتىن يىقىلىپتۇ. قىزلار پادىشاھنى سارايغا ئېلىپ كېتىپتۇ. قىز پادىشاھقا:

— پادىشاھىم، ئەگەر لايىق كۆرسىڭىز، ۋەزىر - ۋۇزرا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنى ئېلىپ بىزنىڭكىدە مېھمان بولۇڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ ۋە نۆكەرلىرى بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كەپتۇ. قىز بۆزچى ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ تېگىگە يەتتە قەۋەت كۆرپە سېلىپ، قىرىق قوينى سويدۇرۇپ، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، قىز يۈزىگە يەتتە قات پەردە تارتىپ، دۇتار چېلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ بېرىپتۇ. كېيىن يۈزىدىن پەردىنى ئېلىۋېتىپتۇ. پادىچى ئۆز قىزى بىلەن يىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۆزىنى ئەيىبلەپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ، قىز ئۆز ئاتىسى بىلەن تىنچ، خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

(ئېيتىپ بەرگۈچى ئاتۇش ناھىيە ئازاق يېزا تېجەن كەنتىدىكى ئابدۇجېلىل ئىمىن ھاجى)





قاينام جاپپار خەتتاتلىق سەنئىتى ئەسەرلىرىدىن تاللانما









نورۇز مۇھەممەت نەۋبەت ئىشلىگەن


源泉 (布拉克)

بۇلاق

(维吾尔文) 总137期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 137 ـ سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：艾力·托呼提 副主编：买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:7.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى:830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108_58 باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043